ئاپتورى:

ئۆمەر چېلىك (تۈركىيە)

# قۇرئان كەرىمنىڭ سىرلىرى

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى بۆلۈم ........ 6
سانلار مەلۇماتى ........ 6
كىرىش سۆز ........ 6
ئايغا چىقىش تارىخى ........ 8
ئاينىڭ ئوربىتىسى ........ 9
سىرىئۇس يۇلتۇزى ۋە 49 ........ 10
تۆمۈرنىڭ ئاتوم نومۇرى ........ 11
365 كۈن ........ 12
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى ۋە 44- ئۇزۇنلۇق ........ 12
ھەج ۋە 22-كەڭلىك ........ 13
33-كەڭلىك، 35-ئۇزۇنلۇق: ئىسرائىل ........ 14
جىنس ۋە 23-خروموسوم جۈپلۈكى ........ 15
ھەرىنىڭ گېن نومۇرى ........ 15
مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ........ 17
بىزانس غالىب كېلىدۇ ........ 18
دۇنيانىڭ ئەڭ ئويمان يېرى ........ 19
ئىككىنچى بۆلۈم ........ 21
سۆز سانلىرىدىكى سىرلار ........ 21
سىياسىي تەرەققىياتلار ........ 21
خرىستىئانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش ........ 21
ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ........ 24
DNA نىڭ  بايقىلىشى ........ 26
مىسىرنىڭ مۇستەقىللىقى ........ 28
قۇللۇقنىڭ بىكار قىلىنىشى ........ 30
پەننىي كەشپىياتلار ........ 33
ئايروپىلاننىڭ كەشپ قىلىنىشى ........ 33


www.munber.org

تۆنجى سۇ ئاستى كېمىسى ........ 34
ئاتوم دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ........ 37
تېلېفوننىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە خەۋەرلىشىش ........ 38
قىتئەلەرنىڭ قېيىشى ........ 40
ئۈچىنچى بۆلۈم ........ 42
ئاسترونومىيىدىكى تەرەققىياتلار ........ 42
سەييارىلەرنىڭ بايقىلىشى ........ 42
تېلېسكوپنىڭ كەشپ قىلىنىشى ........ 45
تۆنجى ئالەم قاتناش ۋاستىلىرى ........ 46
ئۈچىنچى بۆلۈم ........ 50
ئىلمىي مۆجىزىلەر ........ 50
ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ........ 50
ئالەمنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە بىگ كرۇنچ ........ 51
قىزىزىق تۇماندىن يارىتىلىش ........ 53
ئاسمانلار بىلەن يەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشى ........ 54
ئالەمدىكى مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇق ........ 55
قۇياشنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى ........ 56
دۇنيانىڭ يۇمىلاقلىقى ........ 58
ئاتموسفىرا قاتلاملىرى ........ 59
بىخەتەر ئۆگزە ........ 60
قايتۇرغۇچى ئاسمان ........ 62
يەر قاتلاملىرى ........ 63
تاغلارنىڭ ۋەزىپىسى ........ 64
تاغلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ........ 66
ۋاقىتنىڭ نىسپىيلىكى ........ 68
يارىتىلىشتىكى جۈپلۈكلەر ........ 69
بۇلۇتلارنىڭ ئېغىرلىقى ........ 70
يامغۇرنىڭ شەكىللىنىشى ........ 71


www.munber.org

رېئاكسىيەلەشتۈرگۈچى شاماللار ........................................ 73
تۇپراقنىڭ جانلىنىپ كۆپۈشى .............................................. 74
دېڭىزلارنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلاشماسلىقى ........................... 76
ئىنساننىڭ توغۇلۇشى ............................................................ 76
مەنىيدىن بىر تامچە ................................................................ 78
مەنىيدىكى تەركىب .................................................................. 78
بوۋاقنىڭ جىنسى ..................................................................... 80
بالىياتقۇغا ئېسىلىپ تۇرىدىغان ” ئەلەق“ ............................... 82
سۆڭەكلەرنىڭ مۇسكۇل بىلەن قاپلىنىشى .............................. 83
بوۋاقنىڭ بالىياتقۇدىكى ئۈچ قاراڭغۇلۇق باسقۇچى ................. 84
ئىنساننىڭ سۇدىن يارىتىلىشى ............................................ 87
لايدىن يارىتىلىش ................................................................ 88
ئىنسانلاردىكى ئورگانلارنىڭ تەرەققىيات تەرتىپى ................... 89
سۈتنىڭ شەكىللىنىشى ......................................................... 91
بارماق ئىزىدىكى كىملىك ..................................................... 92
چىشى ھەسەل ھەرىسى ....................................................... 93
ئۆيىقۇدا قۇلاقلارنىڭ سەگەك بولۇشى ................................... 94
زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرى ................................................. 95
ئېگىزلىك ئارتقانچە كۆكرەكنىڭ تارىيىشى ............................ 96
تۆتىنچى بۆلۈم ................................................................... 98
قىيامەت ئالامەتلىرى ۋە 2000-يىللار.................................... 98
ھەدىسلەردە قىيامەت ئالامەتلىرى........................................ 98
كەمبەغەللەرنىڭ كۆپىيىشى ................................................. 98
ئېگىز بىنالارنىڭ سېلىنىشى................................................ 100
قاتناش ۋاستىلىرى............................................................... 100
ھەزرىتى ئىسا ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر................................... 101
ئۆچۈرلىشىش تېخنىكىسى .................................................. 102
قۇرئاندىكى بەزى قىيامەت ئالامەتلىرى................................... 106

www.munber.org

دابىبەتۇل- ئارز ........................................................................ 106
ئاسماندا تۇمان ......................................................................... 108
يەجۇجى ۋە مەجۇجى ..................................................................... 108
مۇقەددەس كىتابلار ۋە 2000-يىللار ............................................ 110
ئىسرائىلدە پالاكەت ..................................................................... 112
ئاسماندىكى گۈلدۈرماما ۋە چاقماقلار .............................................. 113
يەر يۈزىدە ئاتەش ....................................................................... 114
دېڭىزغا چۈشكەن مېتورىت ............................................................ 115
بەزى سۇلارنىڭ زەھەرلىنىشى ........................................................ 117
بەشىنچى بۆلۈم ........................................................................... 118
ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن سوئاللار ................................................... 118

www.munber.org

# بسم الله الرحمن الرحيم

## بىرىنچى بۆلۈم

## سانلار مەلۇماتى

### كىرىش سۆز

تارىختىن بىرى «قۇرئان كەرىم» نىڭ سىرلىق تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. بۇ جەرياندا بەزى مۇتەخەسسىلەرمۇ سان-سىفىرلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» دە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. چۈنكى قۇرئاننىڭ ماتېماتىكىلىق بىر سىستېمىغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەر جەھەتتىن ئۆزىنى نامايەن قىلىپ تۇرماقتا. بىز قۇرئاننىڭ ماتېماتىكىلىق تۈزۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى شىفىرلارنى ئىگىلىگەن ۋە بۇلارنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈرگەن ئىدۇق. بۇ كىتابتا پەقەت ئالدىنقى شىفىر تەتقىقاتىدىن پەرقلىق ھالدا ھەر كىم چۈشىنەلەيدىغان ۋە ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان ماتېماتىكىلىق سىستېمىلاردىن گەپ ئاچتۇق. بۇ كىتابنى تەييارلاشتا باشقا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتلىرىدىنمۇ پايدىلىنىلدى. بۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ كېلىچەككە مۇناسىۋەتلىك تەخمىنلىرىمىزنىڭ توغرا چىقماسلىقى بۇ كىتابتىكى باشقا مۇتەخەسسىسلەر بەرگەن ئۇچۇرلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. چۈنكى بۇ كىتابتىكى ئۇچۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇرۇن باشقا مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن تەييارلانغان ۋە توغرىلىقى ئىسپاتلانغان

www.munber.org

ئۇچۇرلاردۇر.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ماتېمىكىلىق تۈزۈلۈشكە ئىگە ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىللەردىن بىرسى سۆز تەكرارلىقىدۇر. «قۇرئان كەرىم» دىكى بەزى سۆزلەر جەلپ قىلارلىق بىر شەكىلدە ئوخشاش قېتىم تەكرارلىنىدۇ. قۇرئاندىكى بۇ سۆز تەكرارلىقىنىڭ بەزىلىرى شۇلاردۇر:

مەلەك 88 قېتىم، شەيتان 88 قېتىم تەكرارلانغان.
جەننەت 77 قېتىم، جەھەننەم 77 قېتىم تەكرارلانغان.
دۇنيا 115 قېتىم، ئاخىرەت 115 قېتىم تەكرارلانغان.
ئۆسۈملۈك 26 قېتىم، دەرەخ 26 قېتىم تەكرارلانغان.
ياز-ئىسسىق 5 قېتىم، قىش-سوغۇق 5قېتىم تەكرارلانغان.
جازا 117 قېتىم، ئەپۇ قىلماق 2* 117 تەكرارلانغان.
يەتتە ئاسمان 7 قېتىم، ئاسمانلارنىڭ يارىتىلىشى 7 قېتىم تەكرارلانغان.
زاكات 32 قېتىم، بەرىكەت 32 قېتىم تەكرارلانغان.
شاراپ 6 قېتىم، مەستلىك 6 قېتىم تەكرارلانغان.
رەھمەت 79 قېتىم، ھىدايەت 79 قېتىم تەكرارلانغان.
نامراتلىق 13 قېتىم، بايلىق 2 *13 تەكرارلانغان.
”دە“ سۆزى 332 قېتىم، ”دېدىلەر“ سۆزى 332 قېتىم تەكرارلانغان.

كۆرگىنىمىزدەك، قۇرئاندىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئۇچراش سانى ئوخشاش. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىزگە قارىتا سوئاللىرىدىن بىرسى ئايەت نومۇرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى، بۇ سوئالنى بۇ يەردە جاۋابلاپ، ئاندىن ئۆزنەكلەرگە ئۆتىمىز. قۇرئاندىكى ئايەت نومۇرلىرى 14 ئەسىردىن ئاۋۋالقى ھالىتىگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئايەتنىڭ نەدىن باشلىنىپ نەدە تاماملانغانلىقى مەلۇم ئىدى. بۇرۇندىنلا ئايەتلەرنىڭ نومۇرلاندۇرۇلۇشىغا زۆرۈرىيەت تۇيۇلمىغانىدى، چۈنكى ئايەتلەرنىڭ تەرتىپى ئەسلىدىنلا مەلۇم ئىدى. يەنى بۈگۈن 40-ئايەت

www.munber.org

بۇ رۇنـدىنلا 40ـ تەرتىپـتە ئىـدى. ئـايەت تەرتىپـى تېخىمـۇ ئاسـان بىلىنىـشۇن ئۈچـۈن مەتـبەئەلەردە ئايەتلەرنىـڭ يېنىغـا نومۇرلارمـۇ قوشـۇلغانىدى. بۇنـداق بولمىغانـدىمۇ بىـرەر كىـم قۇرئانغـا ئـۆزىچە نومـۇر قوشـۇپ قويۇشـقا جـۈرئەت قىلالمايدۇ. ھەر قانداق بىر موزېيغا بېرىپ يۈز يىللار ئـاۋۋال كۆچـۈرۈلگەن بىـر قۇرئـان بىـلەن قـولىڭىزدىكى قۇرئـاننى سېلىـشتۇرسىڭىز، ئـايەت تەرتىپلىرىنىـڭ (نومۇرلىرىنىڭ) ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيسىز.

# ئايغا چىقىش تارىخى

«قۇرئان كەرىم»دىكى "قەمەر" سۈرىسىدە ئايغا بارماقنىڭ مۇمكىنلىكىگە دائىر ئىشارەتلەر بار. "قەمەر" سۆزى تىلىمىزدا "ئاي" دېمەكتۇر. سۈرىدە ئـاي سۆزى بىرىنچى ئايەتتە ئورۇن ئالماقتا: ﴿قىيـامەت يېقىنلاشـتى، ئـاي يېرىلـدى﴾ («قىيامەت» سۈرىسى، 1ـ ئايەت). مانا بـۇ ئـايەتتىن «قۇرئـان كەرىـم» نىـڭ ئاخىرىغا قەدەر نەق1389ئايەت بار. ھىجرىيە كالندارى بـويىچە 1389ـ يىلـى مىلادىيە بـويىچە 1969ـ يىلىغـا تەڭ كەلمەكـتە، بـۇ ئايغـا چىقىـش تارىخىـدۇر. قىسقىـسى، ئـاي (قەمەر) سۈرىـسى ئىنـسانلىق تارىخىنىـڭ ئەڭ مـۇھىم تەرەققىياتىدىن بىرى بولغان بۇ ۋەقەنى ئالدىن خەۋەر بەرمەكتە. شـۇنىڭ بىـلەن بىـرگە يـۇقىرىقى ئـايەتتە قوللىنىلغـان"شـەققە (يېرىلـدى)" سـۆزى ئوخـشاش ۋاقىتتـا" تۇپراقنىـڭ يېرىلىـشى، قېزىلىـشى" مەنىـسىدىمۇ قوللىنىلماقتـا. شۇنىڭدەك، ئايغا بارغان"ئاپوللو11" ئالەم كېمىسىمۇ ئاي تۇپرىقىدىن نۇرغـۇن پارچە ئېلىپ دۇنياغا قايتقانىدى. بۇنىڭدىمۇ بىر ماس كېلىش (پاراللىلىق) بار.

www.munber.org

# ئاينىڭ ئوربىتىسى

قۇرئاندا ئالەم جىسمى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئاي(قەمەر) سۆزى تولۇق 27قېتىم ئۇچرايدۇ. ئوخشاشلا ئاينىڭ يەر شارى ئەتراپىدىكى ئېللىپىس شەكىللىك ئايلىنىشىمۇ 27 كۈندۇر. پەقەت قەدىمقى دەۋرلەردە ياشىغان ئىنسانلار بۈنىڭدىن بەك خەۋەردار ئەمەس ئىدى. چۈنكى يەر يۈزىدىن قارىغان ھەر قانداق بىر كىشى تولۇن ئايلار ئارىسىدا 29 كۈنلۈك مۇددەت بولغانلىقتىن ئاينىڭ بىر ئايلىنىشىنى 29 كۈن دەپ ئويلايتتى. ھالبۇكى، ئاي يەر شارى ئەتراپىدا ئايلانغاندا يەر شارىمۇ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. يەنى يەر شارى ئايلانغانلىقتىن، ئاي ئۆزىنىڭ ئايلىنىشىنى ئىككى كۈن كېچىكىپ تاماملايدۇ. بۇ مۇھىم بىلىم ئەسىرلەر ئاۋۋال قۇرئاندا ئورۇن ئالغان.

دېڭىز-قۇرۇقلۇق نىسبىتى

«قۇرئان كەرىم» دە ئۇچرايدىغان دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق كەلىمىلىرىنىڭ سان بويىچە بىر بىرىگە نىسبىتى بۈگۈن زامانىۋى بىلىمدىكى نىسپەت بىلەن بىرمۇ بىر ئوخشاشتۇر. ھالبۇكى، ئۇ يىللاردا قىتئەلەر تېخى نامەلۇم ئىدى ۋە قۇرۇقلۇق-دېڭىز نىسبىتىنىڭ ئىلمىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، ئامېرىكىدەك چوڭ بىر قۇرۇقلۇق پارچىسىنىڭ بارلىقى پەقەت 15-ئەسىردە بايقالدى.

قۇرئاندا جەمئىي 13قېتىم"قۇرۇقلۇق" (بەر، ياباس) ئىپادىسى ئۇچرىماقتا. دېڭىز (بەھر) سۆزى 32 قېتىم ئۇچرىماقتا. يەنى دېڭىز نىسبىتى 32\45، قۇرۇقلۇق نىسبىتى بولسا 13\45 ھالدا بېرىلمەكتە. يۈز نىسبەتكە ئايلاندۇرغىنىمىزدا دېڭىز نىسبىتى يۈزدە 71%، قۇرۇقلۇق نىسبىتى يۈزدە 29% بولماقتا. زامانىۋى بىلىمنىڭ نەتىجىلىرىدىنمۇ دېڭىز دۇنيانىڭ يۈزدە 71%نى، قۇرۇقلۇق بولسا يۈزدە 29% نى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا.



www.munber.org

خۇلاسە سۆيپىتىدە «قۇرئان كەرىم» دۇنيانىڭ يۈزىدە 71%ـىنى دېڭىزلارنىڭ، يۈزىدە 29%ـىنى بولسا قۇرۇقلۇقلارنىڭ ئىگىلىگەنلىكىنى ئەسىرلەر ئاۋۋال خەۋەر بەرمەكتە. ھازىرقى ئالىملار بولسا بۇنىداق ئىنچىكە ھېسابلاشلارنى سۈنئىي ھەمراھ فوتوگرافلىرى ۋە كومپيۇتېر بىلەن ئېلىپ بارالىماقتا.

## سىرىئۇس يۇلتۇزى ۋە 49

كېچىلىرى ئاسماندا ئەڭ پارلاق يۇلتۇز بولغان سىرىئۇس يۇلتۇزى قۇرئاندا نەجم (يۇلتۇز) سۈرىسىنىڭ 49ـئايىتىدە ئۇچرايدۇ: ﴿ئاللاھ شىئرا يۇلتۇزىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾ («نەجم» سۈرىسى، 49ـئايەت). ئەرەبچە مەنىسى "شىئرا" بولغان سىرىئۇس يۇلتۇزىنىڭ پەقەت 49ـئايەتتە ئۇچرىشى ھەقىقەتەن قىزىقارلىق بىر ئەھۋالدۇر. چۈنكى ئالىملار سىرىئۇس يۇلتۇزىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى تەرتىپسىزلىكلەرنى چىقىش قىلىپ ئۇنىڭ بىر جۈپ يۇلتۇز ئىكەنلىكىنى بايقىدى ۋە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان يەنە بىر يۇلتۇزغا سىرىئۇس B نامىنى بەردى. تېلېسكوپسىز كۆرۈنمەيدىغان سىرىئۇس B يۇلتۇزىنىڭ سىرىئۇس A ئەتراپىدىكى ئايلىنىش ۋاقتىنىڭمۇ 49 يىل ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. سىرىئۇس يۇلتۇزىنىڭ پەقەت 49ـئايەتتە بولۇشى بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىش ۋاقتىنىڭ 49 يىل ئىكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر. تېخى سىرىئۇس B يۇلتۇزى تېلېسكوپسىز كۆرۈنمەيدىغان تۇرۇقلۇق...

www.munber.org

# تۆمۈرنىڭ ئاتوم نومۇرى

قۇرئاندىكى ”ھەدىد“ (تۆمۈر) ناملىق سۈرىدە ناھايىتى قىزىقارلىق بىر چۈشەنچە بار. بۇ سۈرىدە تۆمۈرنىڭ ئەرشتىن چۈشۈرۈلگەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. ئاۋۇال بۇ ئايەتنى تەھلىل قىلايلى: ﴿... بىز تۆمۈرنىمۇ چۈشۈردۇقكى، ئۇنىڭدا بۈيۈك بىر قۇۋۋەت ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلەر بار...﴾ («ھەدىد» سۈرىسى، 25-ئايەت). بۇ ئايەتتە قوللىنىلغان” اَنزل (ئەنزەل) “ ”چۈشۈرمەك“سۆزى تۆمۈرنىڭ دۇنيا سىرتىدىن كەلگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. قۇرئاننىڭ دېگىنىدەك، بۈگۈنكى ئاسترونومىيە بىلىمىمۇ تۆمۈر ماددىلىرىنىڭ ئالەمدىكى چوڭ يۇلتۇزلاردىن كەلگەنلىكىنى يەكۈنلىدى.

”سۇپېرنوۋا“ دەپ نام بېرىلگەن بۇ يۇلتۇزلاردا مەيدانغا كەلگەن پارتلاشلار نەتىجىسىدە تۆمۈر پارچىلىرى ئالەمگە چېچىلىپ دۇنياغا چۈشكەن.

شۇنداقلا ھەدىد، يەنى تۆمۈر سۈرىسى تۆمۈر ئېلېمېنتىنىڭ خىمىيىلىك بەلگىسىگىمۇ ئىشارەت بەرمەكتە. چۈنكى بۇ سۈرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى ئايەتنىڭ ئەرەبچە ئوقۇلۇشى فە ھەرپلىرى بىلەن باشلىنىدۇ. تۆمۈر ئېلېمېنتىمۇ خىمىيىدە Fe ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلمەكتە.

شۇنىڭدەك ھەدىد، يەنى تۆمۈر سۆزىنىڭ ئەرەبچىدىكى سانلىق قىممىتى 26، تۆمۈرنىڭ ئاتوم نومۇرىسىمۇ يەنە 26. ئاتوم نومۇرىسى تۆمۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئېلېمېنتلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئۇقۇمدۇر. ئېلېمېنتلارمۇ ھەقىقەتەن ئاتوم نومۇرلىرىغا ئاساسەن رەتكە تۇرغۇزۇلغان.

www.munber.org

## 365 كۈن

«قۇرئان كەرىم» دە ”بىر كۈن (يەۋم)“ سۆزى 365 قېتىم ئۇچرايدۇ. بىلگىنىمىزدەك، يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىشىغا 365 كۈن كېتىدۇ. يەر شارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلانغاندا ئوخشاشلا ئۆز ئوقىدىمۇ دەل 365 قېتىم ئايلىنىدۇ.

قۇرئاندا ”بىر كۈن (يەۋم)“ سۆزىنىڭ 365 قېتىم ئۇچرىشى ناھايىتى مۇھىم بىر بايقاشتۇر. چۈنكى بۇ يەر شارى ئوربىتىسى ھەققىدە بىزگە ئەسىرلەر ئاۋۋال ئۇچۇر بەرمەكتە. يەر شارى بىلەن قۇياش ئارىسىدىكى 365 كۈنلۈك ئاسترونومىيىلىك ئايلىنىش قۇرئاندا ئوچۇق بىلدۈرۈلمەكتە.

www.munber.org

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى ۋە 44- ئۈزۈنلۈق

زامانىمىز ئالىملىرى ھازىرغىچە نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى تولۇق جەزملەشتۈرەلمىدى. پەقەت بەزى ئالىملار ئۇ كېمىنىڭ ئاغرى تېغىدا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ئوخشاشلا تەۋراتتا كېمىنىڭ تۇرۇپ قالغان يېرىنىڭ ”ئارارات (ئاغرى تېغى) ۋە ئەتراپى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلمەكتە. ”...ۋە كېمە يەتتىنچى ئايدا، ئاينىڭ 17-كۈنىدە ئارارات تاغلىرى (ئاغرى) ئۈستىگە جايلاشتى“ («تەۋرات»، تەكۋىن4\8).

«قۇرئان كەرىم» دە بولسا نۇھ كېمىسى جايلاشقان يەر «ھۇد» سۈرىسىنىڭ 44-ئايىتىدە ئۇچرايدۇ: ﴿’ئى زېمىن، سۈيىڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت، تارقىغىن‘ دېيىلدى، سۇ سوغۇلدى، ئاللاھنىڭ (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە جۇدى (تېغى؟) ئۈستىدە توختىدى،’زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن‘ دېيىلدى﴾ («ھۇد» سۈرىسى، 44-

ئايەت). بۇ يەردە كىمنىڭ جايلاشقان يېرى سۈپىتىدە جۇدى قىسمى كۆرسىتىلمەكتە. پەقەت بەزى تەرجىمىلەردە "جۇدى" ئورنىغا "جۇدى تېغى" دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ھالبۇكى قۇرئاندا "جۇدى تېغى" ئەمەس، بەلكى "جۇدى" ئىسمىلا ئۇچرايدۇ.

قۇرئاندا نۇھ كىمىسىنىڭ جايلاشقان يېرىنىڭ 44-ئايەتتە تىلغا ئېلىنىشى ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ئەھۋال. چۈنكى تەۋراتتا كىمىنىڭ جايلاشقان يېرى دەپ كۆرسىتىلگەن ئاغرى تېغى ۋە ئەتراپى 44-ئۆزۈنلۇقتا. بىلگىنىمىزدەك، يەر يۈزىدىكى ھەر قانداق بىر جاي كەڭلىك ۋە ئۆزۈنلۇق رەقەملىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. 19-ئەسىردە لوندوندىكى گرىنۋىچ ئۆقتىسى خەلقئارا باشلانغۇچ مېرىدىئان سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. خەرىتىلەردە جەمئىي 360 ئۆزۈنلۇق ۋە 180 كەڭلىك بار.

## ھەج ۋە 22-كەڭلىك

ئەسىرلەردىن بېرى مۇسۇلمانلار ھەج ئىبادەتلىرىنى ئورۇنلىماق ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىن مەككىگە سەپەر قىلماقتا. ئوخشاشلا ناماز ئوقۇغاندا بىز يۈزلىنىدىغان قىبلىمۇ يەنە مەككىدىكى كەئبەدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ داۋاملىق يۈزلىنىدىغان بۇ مۇھىم مەركەزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى «قۇرئان كەرىم» دە ئۆزىنى يوشۇرماقتا. ھەر يىلى مىليونلارچە مۇسۇلماننىڭ ھەج ئىبادىتىنى ئورۇنلىماق ئۈچۈن بارىدىغان يېرى — مەككە 22-كەڭلىكتە. «قۇرئان كەرىم» دىكى «ھەج» سۈرىسىمۇ دەل 22 - سۈرىدۇر.

خەرىتىلەردە جەمئىي 360 ئۆزۈنلۇق، 180 كەڭلىك بارلىقىنى ۋە خەلقئارا باشلانغۇچ مېرىدىئاننىڭ گرىنۋىچ ئىكەنلىكىنى بايا سۆزلىگەندۇق.



www.munber.org

مانا بۇ خەلقئارا ئۆلچەملەرگە كۆرە، ھەج مەركىزىنىڭ يېرى قۇرئان بىلەن خەۋەر بېرىلمەكتە.

## 33-كەڭلىك، 35-ئۇزۇنلۇق: ئىسرائىل

«قۇرئان كەرىم» دە ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ قايسى يىلدا قۇرۇلىدىغانلىقى يوشۇرۇن بىر شەكىلدە خەۋەر بېرىلمەكتە. كىتابنىڭ كېيىنكى بۆلۈملىرىدە بۇ تېمىنى تۇتىمىز. ئاۋۋال پەقەت بۇ دۆلەتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا كېلىمىز.

ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئەسىرلەر بويى مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتماي كەلگەن بىر قەۋمدۇر، ۋاھالەنكى رەسمىي بىر دۆلىتى پەقەت 20-ئەسىردە قۇرۇلالىدى.

قۇرئاندىكى «ئال ئىمران» سۈرىسى ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ قايسى كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقتا قۇرۇلىدىغانلىقىغا بېشارەت بەرمەكتە. «ئال ئىمران»، تىلىمىزدا "ئىمران ئائىلىسى" مەنىسىدە.

ئىمران ئائىلىسى ئىسرائىل ئوغۇللىرى نەسلىدىن، شۇنداقلا «ئال ئىمران» سۈرىسىنىڭ پەقەت 33- ۋە 35-ئايەتلىرىدە "ئىمران" سۆزى ئۇچرايدۇ. دىققەت قىلىنسا، بۈگۈنكى ئىسرائىل دۆلىتىمۇ 33-كەڭلىك ۋە 35-ئۇزۇنلۇقتا.

«ئال ئىمران» سۈرىسىدە دىققەتنى تارتىدىغان يەنە بىر نۇقتا بار، ھەققىي ئىسمى يەئقۇپ بولغان پەيغەمبەرنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئىسرائىلدۇر ۋە بۇ يەردە "ئىسرائىل" دەپ ئۇچرايدۇ: "تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە ھارام قىلغان يېمەكلىكلەر (يەنى تۆگىنىڭ قۇشى ۋە سۈتى) دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى... («ئال ئىمران» سۈرىسى، 93-ئايەت). ئادەتتە



www.munber.org

"ئىسرائىل ئوغۇللىرى" سۆزى قۇرئاندا پات-پات ئۇچرايدۇ، ۋاھالەنكى بۈگۈنكى دۆلەت ئىسمى بولغان "ئىسرائىل" سۆزى بۇ سۈرىدە ئۇرۇن ئالغان.

## جىنس ۋە 23-خروموسوم جۈپلۈكى

ئىنسانلارنىڭ ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ گېن تۈزۈلۈشى خوروموسوملارغا باغلىق ھەمدە DNA لار بۇ خروموسوملاردا ئورناشقان.

جىنسنىڭ ئېنىقلىنىشى بولسا 23-خروموسوم جۈپلۈككە باغلىق. يەنى ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى ۋۇجۇد پەرقى 23-خروموسوم جۈپلۈكىدىن كېلىدۇ. ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ 23-خروموسوم جۈپلۈكى XX شەكلىدە بولسا ئايال جىنسلىق، XY بولسا ئەر جىنسلىق بولىدۇ.

ئەر-ئايال پەرقىنى ساقلايدىغان 23-خروموسوم جۈپلۈككە قارىتا «قۇرئان كەرىم» مۇ دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ. چۈنكى قۇرئاندا "ئەر" ھەم "ئايال" سۆزى ئايرىم-ئايرىم 23 قېتىم تەكرارلىنىدۇ.

يېقىنقى زامانلاردا ئېرىشىلگەن ئىلمىي نەتىجىلەرنى قۇرئان ئەسىرلەر ئاۋۋال خەۋەر بەرمەكتە. ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى ئاساسىي پەرقنىڭ 23 رەقەمدە يوشۇرۇنىشى ئوچۇق بىر شەكىلدە تىلغا ئېلىنماقتا.

## ھەرىنىڭ گېن نومۇرى

بايا چۈشەندۈرگىنىمىزدەك، جانلىقلارنىڭ گېن شىفىرى بولغان DNA لار خروموسوملاردا ئورناشقان. مەسىلەن، دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىكى ھەرىلەرنىڭ خروموسوم سانى ئوخشاش ھەم ئۆزگەرمەستۇر.

www.munber.org

ئومۇمەن ھايۋانلارنىڭ چىشى ۋە ئەركىكىدە ئوخشاش ساندا خروموسوم بار. پەقەت ھەرىنىڭ ئەھۋالى باشقىلىرىدىن بىر ئاز پەرقلىقتۇر. چۈنكى ئەركەك ھەرە 16تاق خورۇموسومغا، چىشى ھەرە 16جۈپ خروموسومغا ئىگە.

ھەرە مانا بۇ جەھەتتىن پەرقلىق، بۇ پەرققە «قۇرئان كەرىم» مۇ ئىشارەت بەرمەكتە. قۇرئاندا باش ماۋزۇسى «نەھل (ھەرە)» ئىسمىدە بولغان بىر سۈرە بار، بۇ سۈرە دەل 16-سۈرىدۇر. شۇنىڭدەك، ھەرىمۇ 16 خروموسوملۇق بىر جانلىق ھەمدە دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىكى ھەرىلەرنىڭ خروموسوم سانى ئوخشاش.

بىزدىكى مەنىسى "ھەرە" بولغان «نەھل» سۈرىسى گېن ئىلمى يوق بىر زاماندا ئىنسانلارغا مۇھىم بىر مەلۇمات بەرگەن.

يەنە باشقا بىر ئۆرنەك...

خروموسوم سانىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ۋە دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايا سۆزلىگەندۇق. ئەمدى "ئېشەك" سۆزى ئۇچرايدىغان سۈرىلەرنى تەھلىل قىلايلى.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ بىر قانچە يېرىدە "ئېشەك" سۆزى ئۇچرايدۇ، پەقەت «لوقمان» (31-سۈرە) ۋە «جۇمۇئە» (62-سۈرە) سۈرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بىردىنبىر ھايۋان "ئېشەك" تۇر. "ئېشەك" سۆزى ئۇچرايدىغان باشقا سۈرىلەردە شىر، ئاتقا ئوخشاش ھايۋانلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ، پەقەت 31- ۋە 62-سۈرىلەردە "ئېشەك" تىن باشقا ھېچبىر ھايۋاندىن گەپ يوق... ﴿ئوتتۇرا ھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر﴾ («لوقمان» سۈرىسى، 19-ئايەت). ﴿تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) تەكلىپ قىلىنغان، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرمىگەنلەر (يەنى تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ھىدايەتتىن پايدىلانمىغان

www.munber.org

يەھۇدىيلار) خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ (يەنى پايدىلىق چوڭ-چوڭ كىتابلارنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان، چارچاشتىن باشقا، ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدىلىنالمايدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ)، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾ («جۇمۇئە» سۈرىسى، 5-ئايەت).

يۇقىرىدىكى «لوقمان» سۈرىسىنىڭ 31-سۈرە، «جۇمە» سۈرىسىنىڭ 62-سۈرە ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدۇق.

مانا بۇ نۇقتىدا يەنە قىزىقارلىق بىر ئەھۋالغا دۇچ كېلىمىز. چۈنكى ئېشەكنىڭ خروموسوم سانى سۈرە نومۇرى بىلەن بىرمۇ بىر ئوخشاش.

”ئېشەك“ تۇرىدە تويلام 31جۈپ، يەنى تولۇق ھالدا 62 خروموسوم مەۋجۇت. ئەنە شۇ سۈرىلەرنىڭ نومۇرلىرىمۇ 31 ۋە 62 . يەنە كېلىپ بۇ يەردە «قۇرئان كەرىم» خروموسوملارنىڭ جۈپ ھالدا بولىدىغانلىقىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئېشەكتە 31 خروموسوم جۈپلۈكى بار ھەم تولۇقى بىلەن 62. «قۇرئان كەرىم» مۇ 31 ھەم 62 سانلىرىغا ئىشارەت بەرمەكتە.

## مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى

«قۇرئان كەرىم» كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ھادىسىلەرنى ناھايىتى ئوچۇق بىر شەكىلدە خەۋەر بېرىدۇ. بۇلاردىن بىرسى، مەككىنىڭ فەتھە قىلىندىغانلىقىدۇر. تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار مەككىدىن سىقىپ چىقىرىلغان ۋە مۆمىنلەر ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ﴿ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ھەق رەۋىشتە، ھەقىقىي راست چۈش كۆرسەتتى. (ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خۇدا خالىسا (دۈشمەندىن ئەمىن بولغان، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار)



www.munber.org

قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر، ئاللاھ (سۈلھىتىكى) سىلەر بىلمەيدىغان (پايدىنى) بىلىدۇ. ئاللاھ بۇنىڭدىن بۇرۇن (سىلەرگە) يېقىن بىر غەلىبىنى(يەنى خەيبەرنىڭ پەتھىسىنى مۇيەسسەر) قىلدى﴾ («فەتىھ»سۈرىسى، 27-ئايەت).

ئايەتتە پەيغەمبەرنىڭ چۈشىنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىدىغانلىقى ۋە مەسجىدى ھەرەمگە، يەنى ھەج ئىبادىتى قىلىنىدىغان يەرگە ــ مەككىگە كىرىدىغانلىقى ئالدىن خۇشخەۋەر قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خۇشخەۋەر مۇسۇلمانلار ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتىن ناھايىتى ئاجىز بىر ۋاقىتتا بېرىلگەن.

ئايەت ئالدىن خەۋەر بەرگەن بۇ ھادىسە، يەنى مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئەمەلىيەتكە ئايلاندى.

## بىزانس غالىب كېلىدۇ

﴿رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر. بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ﴾ («رۇم» سۈرىسى، 2 ــ 4-ئايەتلەر).

بۇ ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتتا رۇملۇقلار (بىزانسلار) پارسلارغا يېڭىلگەنىدى. رۇملۇقلار خرىستىئان ئىدى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلاتتى. پەقەت پارسلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان بىر جامائەت ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، رۇملۇقلارنىڭ يېڭىلىشى مۇسۇلمانلارنى پەرىشان قىلغانىدى.

ۋاھالەنكى كۆرگىنىڭلاردەك، كېيىنكى ئايەتتە رۇملۇقلارنىڭ بىر قانچە

www.munber.org

يىل ئىچىدە يەنە غالىب كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلمەكتە .

«قۇرئان كەرىم» رۇملۇقلارنىڭ پات ئارىدا غالىب كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە ئىدى، لېكىن ئۇ چاغدا ياشىغان بەزى ئىنسانلار بۇنىڭغا ئىشەنمىگەنىدى. چۈنكى بىزانس ئاغدۇرۇلۇشقا ئاز قالغانىدى ھەمدە قايتا ئەسلىگە كېلىشى تەس كۆرۈنەتتى. پارسلار، سلاۋلار، ئاۋارلار ۋە لومباردلار رۇملۇقلارغا قارشى تەھدىت شەكىللەندۈرۈۋاتاتتى. رۇملۇقلارغا تەۋە بولغان مېسسوپاتامىيە، مىسىر، سۈرىيە، كىلىكىيا، پەلەستىن ۋە ئەرمەنىستان تۇپراقلىرىنى پارسلار ئىشغال قىلغانىدى. رۇملۇقلار ئەسكىرىي چىقىملىرىنى تەسلىكتە ئۆتەيتتى ھەم كۆپلىگەن ۋالىي پادىشاھ ھىراكلىئۇسقا ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. قىسقىسى، ئىمپېراتورلۇق پارچىلىناي دەپ قالغانىدى.

مانا موشۇنداق يامان بىر ۋەزىيەتتە «قۇرئان كەرىم»، پارچىلىنىشقا ئاز قالغان رۇملۇقلارنىڭ بىر قانچە يىل ئىچىدە غالىب كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە ئىدى.

ھەقىقەتەنمۇ «قۇرئان كەرىم» نىڭ دېگىنىدەك، بىر قانچە يىلدىن كېيىن، مىلادى 627-يىلدا رۇملۇقلار بىلەن پارسلار ئارىسىدا نىنوۋا خارابىلىرى يېنىدا يەنە بىر چوڭ ئۇرۇش بولىدى، بۇ قېتىم رۇملۇقلار ئۇرۇشتا غەلبە قازانىدى ھەمدە قولىدىن كەتكەن تۇپراقلىرىنى پارسلاردىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كېلىشىم ئىمزالىدى.

## دۇنيانىڭ ئەڭ ئويمان يېرى...

بايا بىز تەھلىل قىلغان ئايەتلەردە يەنە مۇھىم بىر مەلۇمات يوشۇرۇنغان. دىققەت قىلسىڭىز، «رۇم» سۈرىسىنىڭ 3-ئايىتىدە رۇملۇقلارنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ ئويمان يېرىدە يېڭىلگەنلىكى بىلدۈرۈلمەكتە. 3-ئايەتتە ئۇچرايدىغان "آدنى

www.munber.org

الأرض (ئەدنا ئەل ئـارد)“ تىلـمىـزدا ”دۇنيانـىڭ ئەڭ ئويمـان يېـرى“ دېمەكـتـۇر. لــېكىن بەزى تەرجىمــانلار بــۇنى مەجــازى مەنــىدە ”ئەڭ يــېقىن يەر“ دەپ تەرجىمە قىلغان.

”ئەدنا“ سۆزى ئەرەبچىدە ”پەس، ئويمـان“ مەنـىسىدە كېلىـدىغان ”دەنىي“ سۆزىدىن تۈرلەنگەن ۋە ”ئەڭ ئويمان“ مەنىسىدە كېلىدۇ. ”ئارد“ سـۆزى بولـسا ”يەر يۈزى“ دېمەكتۇر. بۇنىڭ بىلەن ”ئەدنا ئەل ئارد“ ئىبارىسى ”يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئويمان يېرى“ مەنىسىدە كېلىدۇ.

بۈگۈنكى ئىلمىي ئاساسـلارغا كـۆرە، رۇملـۇقلار ھەقـىقەتەن پارسـلارغا دۇنيانىڭ ئەڭ ئويمان يېرىدە يېڭىلگەن. چـۈنكى ئـۇرۇش بولغـان يەر سـۈرىيە، پەلەستىن ۋە ھازىرقى ئىئوردانىيە تۇپراقلىرىنىڭ كېسىشكەن قـىسمىدىكى لـۇت كـۆلى ھاۋزىــسىدۇر. شـۇنداقلا بۈگـۈن ئالەمـدىن تارتىلغـان سـۈنئىي ھەمـراھ فوتوگراقلىرىــدا لــۇت كۆلىنىــڭ دۇنيانىــڭ ئەڭ ئويمــان يېــرى ئىكەنلىكــى ئىسپاتلانماقتا. دېڭىز يۈزىدىن 395 مېتىر تۆۋەن بولغان لۇت كۆلىنىڭ يەنە بىـر ئىسمى ”ئۆلۈك دېڭىز“ دۇر. چۈنكى بۇ يەردە بېلىق ياكى يوسـۇنغا ئوخـشاش جانلىقلار ياشىيالمايدۇ.

www.munber.org

# ئىككىنچى بۆلۈم

# سۆز سانلىرىدىكى سىرلار

## سىياسىي تەرەققىياتلار

بۇ قىسىمدا دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم سىياسىي ھادىسىلەردىن سۆزلەيمىز. ئاساسەن 19ـ ۋە 20ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئەھۋاللار «قۇرئان كەرىم»دە 14ئەسىر ئاۋۋال بېشارەت بېرىلگەن. سۈرىلەردىكى سۆز سانى بىلەن ئايەت نومۇرلىرىنىڭ يىغىندىسى ھادىسىلەرنىڭ قايسى يىلدا بولىدىغانلىقىنى بىزگە خەۋەر بېرىدۇ. مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بۇ ئۇسۇلنىڭ ھېچ ئۆزگەرتىلمەستىن قوللىنىلغانلىقىنى ۋە پۈتۈن سۈرىلەردە ئىشقا يارىغانلىقىنى سىزمۇ كۆرەلەيسىز.

## خرىستىئانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش

«مائىدە» سۈرىسى پات-پات خرىستىئانلار توغرۇلۇق سۆزلىنىدىغان بىر سۈرىدۇر. بۇ سۈرىنىڭ 14ـئايىتىدە ناھايىتى جەلپكار بىر ئىپادە قوللىنىلىدۇ. دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىمىغانلىقى ئۈچۈن خرىستىئانلار ئارىسىدا قىيامەتكىچە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكنىڭ ساقلىنىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئىسلامىيەت بىرلىككە كەلگەن ۋاقىتلاردا ئورتاق نىيەت ۋە ھەمكارلىقتا ياشىغان خرىستىئانلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىنچلىقتىن ئۇزاقلاشتى. نەتىجىدە خرىستىئانلار ئارىسىدا دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ قانلىق ئۇرۇشلار يۈز

www.munber.org

بەردى.

"2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى" دەپ ئاتالغان ۋە خرىستىئانلار ئارىسىدا ئەڭ كۆپ قان تۆكۈلگەن بۇ ئۇرۇش يەنە خرىستىئانلىقنىڭ قەلئەسى بولغان ياۋروپادا باشلىنىپ كېڭەيدى. گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە باشلاتقان ئۇرۇش قىسقا ۋاقىتتىلا پۈتكۈل خرىستىئان ياۋروپاسىنى قاپلىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قېتىلغان مۇسۇلمان ئوسمانلى ئىمپىراتورلۇقى بۇ ئۇرۇشقا قېتىلمىدى.

ئەڭ قانلىق ئۇرۇش بولغان 2ـدۇنيا ئۇرۇشى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىنمۇ بەك ۋەيران قىلغۇچى بىر ئۇرۇش بولۇپ، تارىختا يېزىلىشىچە، بۇ ئۇرۇشتا 50مىليونغا يېقىن ئىنسان ئۆلگەن.

﴿بىز ناسارا (خرىستىئان) دېگەنلەردىنمۇ (ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشقا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا) مەھكەم ئەھدە ئالدۇق. ئۇلار (ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنۇتتى، (بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق، (شۇ چاغدا) ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ(يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ)﴾ («مائىدە» سۈرىسى، 14ـئايەت).

بۇ ئايەت قۇرئاننىڭ باشقا ھېچبىر يېرىدە ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئايەت بىلەن بىرلىكتە "ئۇرۇش" سۆزى ئۇچرايدىغان ئايەت نومۇرلىرىنى سۈرىدىكى سۆز سانى بىلەن جەملىگەن چېغىمىزدا 2ـدۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلانغان تارىخى چىقىدۇ، يەنى 1939...

سۈرىدە" ئۇرۇش" سۆزى ئۇچرايدىغان ئايەتلەر شۇلار:

﴿ئۇلار: ئى مۇسا! مادامىكى، ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار

www.munber.org

ئۇرۇشقۇلار، بىزبۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى دېدى﴾ («مائىدە» سۈرىسى، 24ـئايەت).

﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ («مائىدە» سۈرىسى 33ـ ئايەت).

﴿... ئۇلار ھەر قاچان (رەسۇلۇللاھقا قارشى) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە قوزغاش) بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾ («مائىدە» سۈرىسى، 64ـ ئايەت).

ئەمدى سۆز سانى بىلەن بۇ ئايەتلەرنىڭ نومۇرلىرىنى جەملەيلى.

1804 سۆز

«مائىدە» سۈرىسىنىڭ ئەرەبچە تېكىستىدە جەمئىي 1804سۆز بار.

"ئۇرۇش" سۆزى پەقەت 24ـ، 33ـ، 64ـئايەتلەردە بار ھەمدە 14ـ ئايەتتە خرىستىئانلار ئارىسىدىكى ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك تىلغا ئېلىنىدۇ.

(2ـدۇنيا ئۇرۇشى) 1804+14+24+33+64=1939

كۆرگىنىڭىزدەك، سۆز سانى بىلەن ئايەت نومۇرلىرىنى جەملىگەن چېغىمىزدا خرىستىئان دۆلەتلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋە تارىختا ئەڭ چوڭ ئۇرۇش بولغان 2ـدۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تارىخىنى ئېگىلىگەن بولىمىز.

www.munber.org

# ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

«قۇرئان كەرىم» نى تەھلىل قىلغىنىڭىزدا، ئاساسەن يوقۇلۇپ كەتكەن خەلق توغرۇلۇق بايانلارنى كۆرەلەيسىز. ئىسلامىيەت بىرلىككە كەلگەن يىللاردا ۋە بۈگۈنمۇ بار بولغان خەلقلەرنىڭ ئىسمى بولسا بەك ئاز. بۇ خەلقتىن بىرى ئىسرائىل ئوغۇللىرىدۇر.

«شۇئەرا» سۈرىسىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا باشقىچە بىر ئەھۋالغا دۇچ كېلىمىز. قۇرئاننىڭ باشقا سۈرىلىرىدە ”روھۇلقۇددۇس“ شەكلىدە ئۇچرايدىغان ئىپادە پەقەت موشۇ سۈرىدە ”روھۇلئەمىن“ دەپ ئۇچرايدۇ، يەنى ”قۇددۇس“ سۆزى قىزىقارلىق ھالدا يوشۇرۇلىدۇ. ”روھۇلقۇددۇس“ جىبرىئىلنىڭ باشقا بىر ئىسمىدۇر، ”قۇدۇس“ سۆزى مۇقەددەس دېگەن مەنىدە.

شۇنداقلا ”قۇددۇس“ سۆزى بىزگە باشتا ئىسرائىلىيەنى ئەسلىتىدۇ. ئىسرائىلىيە پايتەخت قىلغان قۇدۇس مۇسۇلمانلارنىڭ ھەمدە باشقا دىنلارنىڭ مۇھىم بىر مەركىزىدۇر.

پەقەت «شۇئەرا» سۈرىسىدە يوشۇرۇنغان ”قۇددۇس“سۆزىنىڭ ئورنىغا بۇ يەردە ”ئەمىن“ سۆزى كەلگەن.

﴿ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، روھۇلئەمىن (ئىشەنچلىك جىبرىئىل) ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى﴾ («شۇئەرا» سۈرىسى، 193-ئايەت).

بايا ”قۇددۇس“ سۆزىنىڭ بىزگە ئىسرائىلىيەنى ئەسلىتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. «شۇئەرا» سۈرىسىدە ھەقىقەتەن ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈزۈن سۆزلىنىدۇ.

www.munber.org

سۈرىنىڭ بېشىدىن 69-ئايەتكىچە ھەزرىتى مۇسا ۋە ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ فىرئەۋنگە قارشى مۇستەقىللىق كۈرىشى بايان قىلىنىدۇ ۋە دەل 69-ئايەتتە تېما ئۆزگىرىدۇ.

ئاپايا قىلغىنىمىزدەك، بۇ يەردىمۇ جەمئىي سۆز سانى بىلەن ئايەت نومۇرىنى جەملەيمىز. بۇنىڭ بىلەن، ئەسىرلەر بويى قۇرۇلالمىغان ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىلى كېلىپ چىقىدۇ. يەنى قۇرئان، 69-ئايەتكىچە بولغان مۇھىم بىر ھادىسىنى بايان قىلىدۇ ھەم كېيىنكى زامانلاردا رىئاللىققا ئايلىنىدىغان تارىخي بىر ھادىسىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

شۇنىسى بۇ قېتىم ئالدىنقى ئۆرنەكلەردىن بىر ئاز پەرقلىق ھالدا ھىجرىيە تارىخىنى قوللىنىمىز. ئەمەلىيەتتە ھازىر كۆپلىگەن مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللانماقتا.

1299 سۆز

"قۇددۇس" سۆزى يوشۇرۇنغان «شۇئەرا» سۈرىسىنىڭ ئەرەبچە تېكىستىدە جەمئىي 1299 سۆز بار.

69-ئايەتكىچە ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى بايان قىلىنىدۇ.

=69+ 1299(ھىجرىيە) 1368) مىلادىيە 1948)

نەتىجىدە ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغان تارىخى بولغان 1948-يىل كېلىپ چىقتى.

ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەمدە دۇنيادا سىياسىي تەكشۈرۈلۈلارنىڭ كۆپ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولدى. ئىسرائىلىيە قۇرۇلغاندىن باشلاپ تالاي قېتىم ئەرەب — ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى بولدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىچە بىر ئۇزاق تىنچلىق ساقلىنالمىدى.

www.munber.org

بۇ قىسىمدا سىياسىي تەرەققىياتلارنى تەھلىل قىلاتتۇق، شۇڭىنىسى بۇ سۈرىدە ساقلانغان يەنە بىر بىلىم بار.

## DNA نىڭ بايقىلىشى

يەر يۈزىدىكى جىمى جانلىقلار ئۆز تۈرلىرىنىڭ پۈتۈن خاسلىقلىرىنى ئەۋلادلىرىغا DNA ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا ئوخشىشىنىڭ سەۋەبىمۇ DNA دىن. ئاتا-ئانىلارنىڭ گېن خاسلىقلىرى بالىلارغا DNA ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ. كىمگە مەنسۇپلۇقى نامەلۇم بولغان بالىلارنىڭ ئاتىسىنى تاپماق ئۈچۈنمۇ هازىر DNA سىنىقىغا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ.

بايا بىز تەھلىل قىلغان «شۇئەرا» سۈرىسىدە ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىنى ئىگىلىگەنىدۇق.

ئىسرائىلىيە قۇرۇلغان يىللاردا DNA بايقالغان ۋە بۇ مۇھىم هادىسە يەنە «شۇئەرا» سۈرىسىدە ساقلانماقتا. ئىسرائىلىيەنىڭ قۇرۇلۇش يىلىنى تاپقاندىن كېيىنلا بىر قانچە جۈملىدىن كېيىن 74-ئايەتتە ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ئىپادىگە دۇچ كېلىمىز. بۇ ئايەت شۇ شەكىلدە:

"ئۇلار ئېيتتى: 'ئۇنداق ئەمەس، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايقىدۇق'" («شۇئەرا» سۈرىسى، 74-ئايەت).

بۇ ئايەتتە ئاللاھقا ئىمان ئېيتمايدىغانلار يامان ئادەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتىلىرىدىن قالغىنىنى باھانە قىلىۋالماقتا. بايا ئاتىنىڭ خاسلىقلىرىنىڭ بالىلارغا DNA ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق.

يۇقىرىدىكى 74-ئايەتنىڭ ئەرەبچىسىنى يازغىنىمىزدىمۇ DNA غا ئىشارەت قىلىنغىنىنى كۆرەلەيمىز. چۈنكى سۈرىدىكى 227 ئايەت ئىچىدە

www.munber.org

پەقەت 74- ئايەتتە D-N-A ھەرپلىرى يانمۇ يان كېلىدۇ. 74- ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشى شۇ شەكىلدە:

﴿قالوا بل وجدنا آباءنا كذالك يفعلون (قالۇ بەل ۋەجەدنا ئابائەنا كەزالىكە يەفئەلۇن)﴾ («شۇئەرا»سۈرىسى، 74-ئايەت).

باشقا ئۆرنەكلەردە قىلغىنىمىزدەك، بۇ يەردىمۇ سۆز سانى بىلەن ئايەت نومۇرىنى جەملەيمىز، ئاندىن DNA نىڭ بايقالغان تارىخى بولغان 1953-يىل كېلىپ چىقىدۇ.

1299 سۆز

ئاتىدىن بالىغا قىلىشى سۆزلىنىدىغان ۋە DNA ھەرپلىرى يانمۇ يان كەلگەن 74-ئايەتنى سۈرىدىكى سۆز سانى بىلەن جەملەيلى:

=1299+74(مىلادىيە)1373 ھىجرىيە 1953

ئالدىنقى ئۆرنەكتە بولغاندەك بۇ يەردىمۇ نەتىجە ھىجرىيە تارىخى بويىچە چىقتى.

"ھاياتلىق مالىكۇلىسى" دەپ ئاتالغان DNA نىڭ تۈزۈلۈشىنى 1953-يىلى ۋاتسون ۋە كرىك دېگەن ئىككى ئالىم تاپقان. بۇ تېپىلىش نەتىجىسىدە مېدىتسىنا، گېن ۋە باشقا ساھەلەردە ناھايىتى زور ئىلگىرلەشلەر بولدى. DNA نىڭ تېپىلىشى بىلەن بۇگۈن ئالىملار گېن شىفرىنى يەشتى. خاسلىقلارنىڭ نەسىلدىن نەسىلگە يەتكۈزۈلۈشىنى ساقلايدىغان DNA ھەر ئىنساننىڭ ھۈجەيرىسىدە مەۋجۇتتۇر.

DNA نىڭ بايقىلىشى بىلەن بىرلىكتە دۇنيادىكى ھاياتلىق، شۇنداقلا جانلىقلارنىڭ تەسادىپەن كېلىپ چىقمىغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلانغان بولدى. چۈنكى كىچىك بىر DNA زەنجىرىنىڭ ئۇيغۇن پروتېئىن (جانلىق ھۈجەيرىلەرنىڭ ئاساسىي ماددىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان، تەركىبىدە ئاساسەن



www.munber.org

گۈگگۈرت، ئوكسىگېن ۋە كاربون ئېلېمېنتلىرى بولغان ئامىنو كىسلاتاسى بىرىكمىسىدىن تەركىپ تاپقان مۇرەككەپ تۈزۈلمىلىك تەبىئىي ماددا) شەكىللەندۈرۈشى ئۈچۈن كېرەك بولغان ئاتوم تۈزۈلۈشىنىڭ شەكىللىنىش ئېھتىمالى 400گە يېقىن بىر رەقەمگە توغرا كېلىدۇ. يەنى پەقەت بىر پروتېئىن مالكۇلىسىنىڭمۇ شەكىللىنىش ئېھتىمالى تىرىليوندىن بىردىنمۇ نەچچە ھەسسە كىچىك بىر ئېھتىماللىق. بۇنىمۇ چەكسىز كۆچكە ئىگە ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا مەنسۇپ قىلىمىز.

## مىسىرنىڭ مۇستەقىللىقى

بۈگۈن مەۋجۇت خەلقلەر ئىسمىنىڭ قۇرئاندا بەك ئاز ئۇچرايدىغىنىنى دىيگەنىدۇق. پەقەت بىر قانچە دۆلەتنىڭ ئىسمى قۇرئاندا ئۇچۇق بار. بۇ دۆلەتلەردىن بىرى مىسىر.

«قۇرئان كەرىم» دە ”مىسىر“ سۆزى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ”مىسىر“ سۆزى ئۇچرايدىغان ئايەتلەر ئارىسىدا دىققەتنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى «يۇنۇس» سۈرىسىدۇر.

«يۇنۇس» سۈرىسىنىڭ 87ـئايىتىدە جەلپ قىلارلىق بىر شەكىلدە، ئىسلامىيەتتىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ھەزرىتى مۇساغا مىسىردا ناماز قىلىشى ۋەھيى قىلىنىدۇ. ئارقىدىنلا مۇسۇلمانلارغىمۇ خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ. بۇ سۈرىدە ”مىسىر“ سۆزى پەقەت 87ـئايەتتە ئۇچرايدۇ.

دەرۋەقە قۇرئان نازىل بولۇپ بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن مىسىر مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلدى ۋە ئەسىرلەر بويىچە مۇسۇلمانلار ھىمايىسىدە مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتماي كەلدى.

www.munber.org

ئەمما ئاربدىن ئەسىرلەر ئۆتۈپ، مىسىر ئىنگلىزلار ھامىيلىقىغا كىرىشكە مەجبۇر بولىدى. ئىنگلىزلار قاھىرە ۋە ئىسكەندىرىيە قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنىمۇ ئىشغال قىلدى.

مىسىر تىلغا ئېلىنغان ۋە خۇشخەۋەر بەرگەن ئايەت شۇ شەكىلدە:

﴿بىز مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىغا: ’قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەر ياساڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى نامىاز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار، نامىاز ئوقۇڭلار، مۆمىنلەرگە (دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى بىلەن) خۇشخەۋەر بېرىڭلار‘ دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾ («يۇنۇس» سۈرىسى، 87-ئايەت).

يۇنۇس سۈرىسىدە ”مىسىر“ سۆزى يالغۇز ئۈچرايدىغان بۇ ئايەتنىڭ نومۇرىنى سۈرىدىكى سۆز سانى بىلەن جەملىگىنىمىزدە مىسىرنىڭ مۇستەقىللىق تارىخى، يەنى 1919-يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

1832سۆز

«يۇنۇس» سۈرىسىنىڭ ئەرەبچە تېكىستىدە جەمئىي 1832 سۆز بار. ”مىسىر“ سۆزى پەقەت 87 - ئايەتتە ئۇچرايدۇ.

87+1832= (1919 مىسىرنىڭ مۇستەقىللىقى)

زاغزۇل پاشا رەھبەرلىكىدىكى ھەيئەت 1919-يىلىدا مىسىرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغان ۋە 1922-يىلىدا ئەنگلىيە بۇنى رەسمىي قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. مىسىر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ ئەنگلىيەنىڭ تەسىرى ئۇزاققىچە داۋام قىلغان.

ھەممە ئۆرنەكلەردىكىدەك بۇ يەردىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللاندۇق. بۇ ئاددىي ئۇسۇلنىڭ ھەممە ئۆرنەكلەردە توغرا نەتىجە بېرىشى ماتېماتىكىلىق قاراش جەھەتتىن ھەرگىز تەسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش ئەمەس.

www.munber.org

# قۇللۇقنىڭ بىكار قىلىنىشى

دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلاھاتلاردىن بىرى دەپ قارالغان ”قۇللۇقنىڭ بىكار قىلىنىشى“ يىللارچە داۋاملاشقان كۆرەشلەردىن كېيىن قوبۇل قىلىندى.

قۇللۇق، تارىخ بويىچە گۈللەنگەن بىر تۈزۈم سۈپىتىدە داۋاملاشتى. بۈنىڭغا قارشى ئىسلام دىنى قۇللارغا قانۇنىي جەھەتتىن نۇرغۇن ئەركىنلىك بەردى. ئىسلامىيەتكە كۆرە، ئەركىن ئىنسانلار بىلەن قۇللار قېرىنداش ئىدى ۋە بىر قۇلنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرمەك چوڭ بىر ئىبادەتكە ئوخشاش ئىدى.

خىيلىلا ئەۋج ئالغان قۇل سودىسىنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى ئۇ دەۋردە ياشىغۇچى ئىنسانلار بەلكىم پەرەز قىلالمايتتى. ھالبۇكى «قۇرئان كەرىم» قۇللۇقنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىغا ئەسىرلەر ئاۋۋال بېشارەت بەرگەن. «رۇم» سۈرىسىنىڭ پەقەت 28-ئايىتىدە قۇللارنىڭ باشقا ئىنسانلار بىلەن تەڭ-باراۋەرلىكى تۇتقا قىلىندۇ. «رۇم» سۈرىسىنىڭ باشقا سۈرىلىرىدە قۇللۇقتىن گەپ يوق.

28-ئايەت شۇنداق:

﴿ئاللاھ سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈككە قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، ئۇ بارىدا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىڭلار (يەنى ئازاد كىشىلەر) دىن قورققاندەك قورقۇشقا رازىمۇسىلەر؟ (بۇنىڭغا رازى بولمىغان ئىكەنسىلەر، مەخلۇقاتنىڭ ئاللاھقا شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولىدۇڭلار؟) چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾ («رۇم» سۈرىسى، 28-ئايەت).



www.munber.org

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۆجىزىلەرنىڭ بايان قىلىنغانلىقى ئىپتىلماقتا.

دەل بۇ ئايەتنىڭ نومۇرىنى سۈرىدىكى سۆز سانى بىلەن جەملىگىنىمىزدە قۇللۇقنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر تارىخ بولغان 1847ـ يىل كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ يەردە دىققەت قىلىنىشى كېرەك بىر نۇقتا بار، «رۇم»سۈرىسىنىڭ 1ـ ئايىتىدە يوشۇرۇن سىمۋوللارغا دۇچ كېلىمىز. ﴿ئەلىف، لام، مىم...﴾ ۋە يەنە باشقا تۇرلۇك يوشۇرۇن سىمۋوللار بار سۈرىلەردە سۆز سانىنىڭ بېشىغا 1 رەقىمىنى قوشىمىز. چۈنكى بۇ يوشۇرۇن سىمۋوللار 1ـ ئايەتتە ئۇچرايدۇ. بۇ يوشۇرۇن سىمۋوللارنىڭ نېمە مەنىدە كەلگەنلىكىنى ھېچبىر مۇفەسسىر ۋە دىن ئالىملىرى تولۇق چۈشەندۈرەلمىدى.

ھەر قاچان قۇللانغان ئوخشاش ئۇسۇلنى بۇ يەردىمۇ قوللىنايلى.

819 (1) سۆز

(1)قۇللار بىلەن ھۆر ئىنسانلارنىڭ تەڭ-باراۋەرلىكىنى تىلغا ئالغان بىرىنچى ئايەت 28ـ ئايەت ئىدى.

819+28=1847

قۇللۇقنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئۈچۈن 1847ـ يىلدىن ئىلگىرىمۇ بىر تالاي تەشەببۇسلار بولغان. لېكىن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا قۇللۇقنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئۈچۈن 1847ـ يىلدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىسقا بىر جەرياندا بۈيۈك قەدەم تاشلاندى. 1847ـ يىلدا ئوسمانلى دۆلىتىدە قۇل سودىسى رەسمىي بىكار قىلىندى. ئارقىدىنلا فرانسىيەدە، غەربىي ھىندى ئاراللىرىدا قۇللۇق بىكار قىلىندى. كەينىدىن پورتۇگالىيە، گوللاندىيە ۋە ئىسپانىيەگە تەۋە يەرلەردە قۇللۇق چەكلەندى. يەنە 1847ـ يىلدا ئامېرىكىنىڭ ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىدىكى شتاتلىرىنىڭ ھېچ بىرىسىدە قۇللۇق قالمىدى. ھالبۇكى

www.munber.org

ئامېرىكىدا قۇللۇقنىڭ بىكار قىلىنىدىغانلىقى چوڭ بىر ئىچكى ئۇرۇشقا سەۋەب بولدى. جەنۇبتىكىلەر بىلەن شىمالدىكىلەر ئارىسىدا يىللارچە داۋاملاشقان ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكىدا قۇللۇق رەسمىي بىكار قىلىندى.

www.munber.org

# پەننىي كەشپىياتلار

## ئايروپىلاننىڭ كەشپ قىلىنىشى

ئەسىرلەر ئاۋۋال ”ئاسماندا ئۇچماق“ ئىنسانلار ئۈچۈن مۇمكىنسىز ئىدى.

قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىدە ھاۋا بوشلۇقى ۋە ئاسمانلار توغرۇلۇق بايانلار بار. پەقەت «ھەج» سۈرىسىنىڭ 31-ئايىتىدە قۇرئاننىڭ باشقا ھېچ بىر يېرىدە يوق سۆزلەر مەۋجۇت. بۇ ئايەتتە ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇشقا ئوچۇق بىر شەكىلدە بېشارەت بېرىلىدۇ.

31-ئايەتتە ھاۋا بوشلۇقىدىن چۈشكەن بىر كىملەر ئىبرەت سۈپىتىدە بېرىلىدۇ. پەقەت ئۇ زاماندا ياشىغان ئىنسانلار ئۈچۈن بۇ ئىمكانسىز ئىدى. چۈنكى سىزلەرنىڭمۇ بىلگىنىڭىزدەك، بىر كىشىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى ئۈچۈن ھاۋادا ئۇچۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئايروپىلان ياكى تىك ئۇچارغا ئوخشاش ئۇچۇش ۋاستىلىرى لازىم.

يەنە بۇ ئايەتتە ”بوران ئۇنى ئېلىپ بىرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك“ ئىپادىسى قوللىنىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بوران، يەنى ھاۋا ئېقىمى، ئايروپىلانلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر، چۈنكى ئايروپىلانلار ھاۋانى يىرىپ يول ئاچىدۇ. ئالەم بوشلۇقىدا بولسا ھاۋا يوق.

دېگىنىمىز 31-ئايەتتىكى جۈملە شۇ شەكىلدە:

﴿... ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بىرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ﴾ («ھەج» سۈرىسى، 31-ئايەت).

www.munber.org

«ھەج» سۈرىسىنى تەھلىل قىلسىڭىز، بۇ ئايەتتىن كېيىنلا ئاللاھنىڭ بېشارەتلىرىگە(مۆجىزىلىرىگە) ھۆرمەت قىلىنىش لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ.

مانا دەل بۇ ئايەتنىڭ نومۇرى 31، بۇنى سۈرىدىكى سۆز سانى بىلەن جەملىگىنىمىزدە ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇش تارىخى باشلانغان 1905-يىل كېلىپ چىقىدۇ.

1291سۆز

«ھەج» سۈرىسىدە جەمئىي 1291 سۆز بار.

بايا بىز تەھلىل قىلغان، ئۇچۇش ئۇقۇمىدىن گەپ ئاچقان بىردىنبىر ئايەت بولغان 31-ئايەتنىڭ نومۇرىنى جەملەيلى:

=1291+31 (1905 مىلادىيە) 1322 ھىجرىيە

زامانىۋى ئاۋىئاتسىيە تارىخىنى باشلاتقان كىشىلەر سۈپىتىدە تارىختا ئۆتكەن "ئاكا-ئۇكا رايىتلار" تۇنجى قېتىم ماتورلۇق ھاۋا قاتناش قوراللىرىنى ياساشتا مۇۋاپپەقىيەت قازاندى. 1903-يىلدا ئۇلار بىر ئۇچۇش سىنىقى ئېلىپ باردى، لېكىن ئايروپىلانلىرىنىڭ ھاۋادا ئۇچۇشى پەقەت سېكونتلارچە داۋاملاشتى. 1905-يىلدا ياسىغان ئايروپىلانى بولسا ھاۋادا يېرىم سائەت مۇۋاپپەقىيەتلىك ئۇچتى، شۇ زاماندا ئۇ ئايروپىلان مانېۋىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن تۇنجى تىك ئۇچار ئايروپىلان ياسالدى.

## تۇنجى سۇ ئاستى كېمىسى

بۈگۈنكى كۈندە قوللىنىلىدىغان دېڭىز قاتناش ۋاسىتىلىرىنى ئىككى تۈرگە ئايرىيالايمىز: كېمە-پاراخوت ۋە سۇ ئاستى كېمىسى.

www.munber.org

ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن يىللاردا كېمىلەر بار ئىدى، ئەمما سۇ ئاستى كېمىلىرى دېگەننى بىر كىم ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

«قۇرئان كەرىم» دە ئاربلاپ ”كېمىلەر“ سۆزى كېلىدۇ. پەقەت «شۇرا» سۈرىسىنىڭ 32-ئايىتىدە يەنە باشقىچە بىر ئەھۋالغا دۇچ كېلىمىز. بۇ ئايەتتە ”كېمە“ سۆزى كەلمەيدۇ، پەقەت ”دېڭىزدا تاغدەك ھەرىكەتلىنىدىغانلار“ جۈملىسى كېلىدۇ. يەنى كېمىدىن پەرقلىق چوڭ بىر دېڭىز قاتناش ۋاستىسى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ دېڭىز قاتناش ۋاستىسىنىڭ ئادەتتىكى كېمە ئەمەسلىكىگە قارىغاندا ئۇ سۇ ئاستى كېمىسى. چۈنكى دېڭىز قاتناش ۋاستىلىرى ئىككىگە ئايرىلىدۇ دېگەندۇق. شۇڭا باشقا بىر دېڭىز قاتناش قورالى بولغان سۇ ئاستى كېمىسىگە دىققەت مەركەزلىشىدۇ.

﴿دېڭىزدا تاغدەك ھەرىكەتلىنىدىغانلارمۇ يەنە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىندۇر﴾ («شۇرا» سۈرىسى، 32-ئايەت).

بەزى تەرجىمىلەردە بۇ ئايەتكە ”كېمە“ سۆزى ئارتۇقچە قوشۇلغان (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ شۇنداق بولغان ـــ ت). تەرجىمە قىلغۇچىلار ئايەت مەنىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن ”كېمە“سۆزىنى قوشقان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ئايەتنىڭ ئەرەبچىسى شۇ شەكىلدە بولۇپ، ”كېمە“سۆزى يوق.

﴿ومن آياته الجوار فى البحر كالأعلام (ۋە من ئاياتىھىلجەۋارى فىلبەھرى كەلئالام)﴾

بۇ ئايەتنىڭ نومۇرىنى سۈرىدىكى سۆز سانى بىلەن جەملىگىنىمىزدە تۇنجى مۇۋاپپەقىيەت قازانغان سۇ ئاستى كېمىسى ـــ ”هوللاند“ نىڭ ياسىلىش تارىخى (1898) كېلىپ چىقىدۇ.

ئەمدى بىز سۇ ئاستى كېمىسىگە بېشارەت بەرگەن ئايەتنىڭ نومۇرى 32



www.munber.org

بىلەن سۆرىدىكى سۆز سانىنى جەملەيلى.

866 (1) سۆز

بىز ئالدىنقى قېتىم سۆرىلەرنىڭ 1 ـ ئايىتىدە يوشۇرۇن سىمۋوللارنىڭ بارلىقىنى ۋە دىنىي ئالىملارنىڭ بۇلارنى چۈشەندۈرەلمىگەنلىكىنى ئېيتقانىدۇق. بۇ يەردىكى «شۇرا» سۆرىسىنىڭ 1 ـ ئايىتىدىمۇ يوشۇرۇن سىمۋوللار بار.

(1) پەقەت 32 ـ ئايەتتىلا سۇ ئاستى كېمىسىگە بىشارەت بېرىلىدۇ.

866+32=1898 تۇنجى سۇ ئاستى كېمىسى

دىڭىزچىلىك تارىخىدا تۇنجى سۇ ئاستى كېمىسى دەپ قارالغان ۋە 1898 ـ يىلدا ياسالغان "هوللاند" ناملىق سۇ ئاستى كېمىسىدىن ئاۋۋال بەزى سۇ ئاستى كېمىلىرى ياسالغان، لېكىن ئىقتىدارى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى "هوللاند" نىڭ ئېلېكترلىق ۋە بېنزىن موتورلىرى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئامېرىكا ئۇ سۇ ئاستى كېمىسىنى ياخشىلاپ چوڭايتىپ قوللانغان.

سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ھەربىي ۋە ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى بۈيۈك ئەمما خەتەرلىك بىر تەرەققىياتتۇر. چۈنكى نۇرغۇن سۇدا ۋە ئۇرۇش پاراخوتى سۇ ئاستى كېمىسى بىلەن چۆكتۈرۈۋېتىلگەن. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىمۇ سۇ ئاستى كېمىلىرى ئىتتىپاقداش پاراخوتلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك چۆكتۈرۈۋەتكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ ئورنىنى بىلەلەيدىغان ھېچقانداق ئېلېكترىك ئۈسكۈنە يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى.

www.munber.org

# ئاتوم دەۋرىنىڭ باشلىنىشى

ماددىنىڭ كىچىك زەررىچىلىرى ئاتوم دېيىلىدۇ.

قەدىمدىن بۇگۈنگىچە نۇرغۇن ئالىم ۋە پەيلاسوپلار ئالەمدىكى ھەر ماددىنىڭ نۇرغۇن زەررىچىلەردىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. داڭلىق پەيلاسوپلار بۇ نۇرغۇن كىچىك زەررىچىلەرنى "بۆلۈنمەس" مەنىسىدە كېلىدىغان "ئاتوموس" سۆزى بىلەن ئاتىغان. يەنى ئىنسانلار بۇرۇنقى زامانلاردىمۇ ئاتومنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلاتتى، لېكىن ئاتومنى تەتقىق قىلىش ئىمكانى يوق ئىدى.

«قۇرئان كەرىم» دىكى "زەررە" سۆزىمۇ ئەرەبچىدە ناھايىتى كىچىك پارچە، ئاتوم مەنىسىدە كېلىدۇ.

«فۇرقان» سۈرىسىنىڭ 23-ئايىتىدە قىزىقارلىق تۇستە زەررەلەر تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە بۇ زەررەلەرنىڭ بۆلۈنۈپ ئەتراپقا چېچىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بۇ سۈرىدە "زەررە" سۆزى باشقا يەردە ئۇچرىمايدۇ.

﴿... ۋە ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك (زەررەدەك) قىلىۋېتىمىز﴾ («فۇرقان» سۈرىسى، 23-ئايەت).

مانا دەل بۇ ئايەتنىڭ نومۇرى، يەنى 23 نى سۈرىدىكى سۆز سانى بىلەن قوشقىنىمىزدا ئاتوم دەۋرىنىڭ باشلانغان تارىخىغا ئېگە بولىمىز.

1872سۆز

«فۇرقان» سۈرىسىدە جەمئىي 1872سۆز بار.

ناھايىتى كىچىك پارچە ـــ ئاتوم مەنىسىدە كەلگەن "زەررە" سۆزى «فۇرقان» سۈرىسىدە پەقەت 23-ئايەتتە ئۇچرايدۇ.

www.munber.org

1872+23=1895 ئاتوم دەۋرىنىڭ باشلىنىشى

1895-يىلدا لازىر نۇرى بايقالدى ۋە ئارقىدىنلا ئاتوم يادروسى رەسمىي تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى، رادىئوئاكتىپلىق ئۇقۇمى مەيدانغا كەلدى ۋە ئېلېكترون بايقالدى. ئەمما تەتقىقات ئىلغارلاشقانچە ئاتوم ئېنېرگىيىسى ئىنسانىيەتكە زور خەۋپ ئېلىپ كەلدى.

ئېسىڭىزدە بولسا، ئالدىنقى بۆلۈملەردە تۆمۈر ئېلېمېنتىنىڭ ئاتوم نومۇرىنى ئۆرنەك قىلىپ بەرگەنىدۇق.

## تېلېفوننىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە خەۋەرلىشىش

ئىلگىرىكى تەتقىقاتلىرىمىزدا «ساد» سۈرىسىنىڭ تېلېفوننىڭ كەشپ قىلىنىشىغا بېشارەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرگەنىدۇق، شۇنداقلا "سادا" سۆزىنىڭ "بەرگەن ئاۋاز ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز" مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى ۋە "ساد" تىن تۈرلەنگىنىنى سۆزلىگەنىدۇق. (مۇھەممەد ھ.ي. تەفسىرى). بۇ سۈرىدە "قاتتىق تىترەيدىغان ۋە ناھايىتى تېز ئاۋاز" تىلغا ئېلىنىدۇ. بەزى تەرجىملەردە بولسا بۇ سۆز شاۋقۇن-سۈرەنلىك، پەريادلىق، شىددەتلىك ئاۋاز ۋە ياكى باشقا شەكىلدە تەرجىمە قىلىنغان.

"بۇلارنىڭ كۈتكىنىمۇ پەقەت قاتتىق تىترەيدىغان ئاۋازدۇر..."

ئۇيغۇرچە تەرجىمىدىكىسى:

﴿بۇلار (يەنى مەككە مۇشرىكلىرى) پەقەت بىر ئاۋاز (يەنى بىرىنچى قېتىملىق سۈر) نىلا كۈتىدۇ، ئۇ قايتىلانمايدۇ﴾ («ساد» سۈرىسى، 15-ئايەت).

www.munber.org

بۇ يەردىكى پەۋقۇلئاددە تېز ۋە قاتتىق تىترەيدىغان (يۇقىرى دولقۇنلۇق) ئاۋاز بۇرۇنقى قەۋملەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بىر پالاكەتنى چۈشەندۈرىدۇ، ھالبۇكى ئىككىنچى مەنىدە، بۇگۈنكى تېخنىكىنىڭ ئەڭ چوڭ تەرەققىياتلىرىدىن بىرى بولغان تېلېفوندىن بېشارەت بېرىدۇ. چۈنكى تېلېفون نورمال بىر ئاۋاز دولقۇنىنى ئېلېكتېر ئېنېرگىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن قاتتىق تىترەيدىغان ۋە ئىنتايىن تېز بىر ئاۋازغا ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئاۋازنى يىراقلارغا يەتكۈزىدۇ.

مانا بۇ "يۇقىرى دولقۇنلۇق ۋە ئىنتايىن تېز بىر ئاۋاز" ئىپادىسى «قۇرئان كەرىم» دە تۆۋەندىكى بولۇپ «ھۇد» سۈرىسىدە ئۇچرايدۇ. «ھۇد» سۈرىسىنىڭ پەقەت ئىككى ئايىتىدە بۇ ئاۋاز تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇلار شۇنداق:

﴿ئۇ زالىملارغا قاتتىق تىترەيدىغان بىر ئاۋاز تۇيۇقسىز كەلدى ـ دە، ئۇلار تۇرغان يەرلىرىدە قېتىپ قالدى﴾ («ھۇد» سۈرىسى، 67ـ ئايەت).

ئۇيغۇرچە تەرجىمىدىكىسى:

﴿زالىملارغا قاتتىق ئاۋاز يۇزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى﴾.

﴿... ۋە ئۇ زالىملارغا قاتتىق تىترەيدىغان بىر ئاۋاز تۇيۇقسىز كەلدى ـ دە، ئۇلار تۇرغان يەرلىرىدە قېتىپ قالدى﴾ («ھۇد» سۈرىسى، 94ـ ئايەت).

ئۇيغۇرچە تەرجىمىدىكىسى:

﴿...(ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز (دىن پەيدا بولغان زىلزىلە)يۇزلەندى، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى﴾.

ئايەتلەرنىڭ نومۇرلىرى بولغان 67 ۋە 94 نى سۈرىدىكى سۆز سانى بىلەن جەملىگىنىمىزدە، تېلېفوننىڭ كەشپ قىلىنىش يىلى بولغان 1876ـ يىل كېلىپ

www.munber.org

چىقىدۇ.

1715 سۆز

﴿يۇقىرى دولقۇنلۇق ۋە ئىنتايىن تېز بىر ئاۋاز﴾ ئىپادىسى قۇرئاندا تۆت قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولۇپ «ھۇد» سۈرىسىدە ئۇچرايدۇ دېگەنىدۇق. (67- ۋە 94-ئايەتلەردە)

«ھۇد» سۈرىسىدە جەمئىي 1715 سۆز بار.

(1715+67+94=1876) تېلېفوننىڭ كەشپ قىلىنىشى

تېلېفون ئالېكساندىر گراھام بېل تەرىپىدىن كەشپ قىلىنغان.

## قىتئەلەرنىڭ قېيىشى

«قۇرئان كەرىم» دە"قىتئە" سۆزىنىڭ پەقەت بىر يەردە ئۇچرىشى قىزىقارلىق بىر ئەھۋالدۇر. "قىتئە" سۆزى پەقەت «رەئد» سۈرىسىنىڭ 4-ئايىتىدە ئۇچرايدۇ ۋە بۇ ئايەتتە قىتئەلەرنىڭ بىر-بىرىگە يېقىن ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. ئايەت شۇنداق:

﴿يەر يۈزىدە بىر-بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار...﴾ («رەئد» سۈرىسى، 4-ئايەت).

قىتئەلەرنىڭ ئەسلىدە بىر-بىرىگە تۇتاش ئىكەنلىكىنىڭ بىلدۈرۈلۈشى ھەقىقەتەن ئاجايىپ. چۈنكى ئالىملار دۇنيانىڭ باشلانغۇچىدا پەقەت بىر قىتئە تۈپلىمىنىڭ بارلىقىنى ۋە زامانلار ئۆتكەنسېرى بۆلەكلەرنىڭ بۆلۈنۈپ بارا-بارا بىر-بىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى يېقىندا جەزملەشتۈردى.

1858 ۋە 1859-يىللاردا پېللىگرىنى-ئانتونىئو سىنىدېر قىتئەلەرنىڭ بۇرۇن تۇتاش ئىكەنلىكىنى ۋە زامانلار ئۆتكەنسېرى بىر-بىرىدىن

www.munber.org

يىراقلاشقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. لېكىن بۇ نەزەرىيە ئەللىك يىلغا يېقىن ھېچ دىققەتكە ئېرىشەلمىگەن، ئاخىردا ۋېگېنېر ئىسىملىك ئالىم تەرىپىدىن توغرا دەپ قارالغان. ئىلىم تارىخىدا چوڭ بىر ئىلگىرلەش بولغان قىتئەلەرنىڭ قېيىشى نەزەرىيىسى ئارقىلىق نۇرغۇن ئىلمىي ھادىسىلەر چۈشەندۈرۈلدى.

ئەسىرلەر ئاۋۋال قۇرئان، ئالىملارنىڭ بۈگۈن بايقايدىغانلىقىنى يىلى بىلەن بىللە خەۋەر بەرمەكتە.

855 (1) سۆز

"قىتئە" سۆزى قۇرئاندا ئۇچرايدىغان بىردىنبىر ئايەت 4-ئايەتتۇر. («رەئد») سۈرىسىدە)

(1)855+4=1859 قىتئە نەزەرىيىسى يىلى

www.munber.org

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئاسترونومىيىدىكى تەرەققىياتلار

## سەييارىلەرنىڭ بايقىلىشى

«يۇسۇف» سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ كىچىك چېغىدا كۆرگەن بىر چۈشى ۋە بۇ چۈشتە ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ 11 يۇلتۇز كۆرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە پەقەت «يۇسۇف» سۈرىسىنىڭ 4-ئايىتىدە 11 يۇلتۇز سۆزلىنىدۇ، بۇ سۆزلىنىپ بولغاندىن كېيىنلا 101 ۋە 105-ئايەتلەردە دىققەتنى ئالەمگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئەمدى بۇ ئايەتلەرنىڭ نومۇرلىرىنى جەملەپ يازايلى: 4، 101، 105

﴿ئۆز ۋاقتىدا يۇسۇف ئۆز ئاتىسىغا:'ئى ئاتا! مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە 11 يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم' دېدى﴾ («يۇسۇف» سۈرىسى، 4-ئايەت).

﴿... ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات!...﴾ («يۇسۇف» سۈرىسى، 101-ئايەت).

﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾ («يۇسۇف» سۈرىسى، 105-ئايەت).

بۇ يەردىكى 101- ۋە 105-ئايەتلەردە ئۇچرايدىغان "ئاسمانلار"

www.munber.org

سۆزى ئالەم بوشلۇقى، ئالەم مەنىسىدە كېلىدۇ ۋە سۈرىنىڭ باشقا ھېچبىر يېرىدە ئۇچرىمايدۇ. ئەرەبچىدىكى ”سەما“ سۆزىنىڭ تىلىمىزدىكى مەنىسى ”ئاسمان“ دۇر. ئەمما قۇرئاندا ”ئاسمان“ سۆزى بىلەن بىللە ”ئاسمانلار“ سۆزىنىڭمۇ قوللىنىلىشى قىزىقارلىقتۇر. چۈنكى يەر شارى بىرلا ئاسمانغا ئىگە. باشقا مۇقەددەس كىتابلاردىكى ”ئاسمانلار“ سۆزىنى دىنىي ۋە پەننىي ئالىملار ”ئالەم بوشلۇقى، ئالەم“ دەپ چۈشەندۈرگەن.

قۇرئان نازىل قىلىنغان ۋاقىتلاردا تېلىسكوپ كەشىپ قىلىنمىغانىدى، كۆز گە كۆرۈنەلەيدىغان پەقەت بەش سەييارىلا بار ئىدى. ھالبۇكى بۈگۈن زامانىۋى ئاسترونومىيە بىلىمى 11 سەييارىنى ئېنىقلىدى. مانا موشۇ نۇقتىدا قىزىقارلىق بىر ئەھۋالغا دۇچ كېلىمىز. چۈنكى ئاخىرقى سەييارە پلوتون بايقالغان ۋاقىت موشۇ چاغدا بىزگە نامايەن بولىدۇ. ئېنىقلانغان سەييارىلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان پلوتوننىڭ بايقىلىشى بىلەن سەييارىلەرنىڭ 11ئىكەنلىكى يەكۈنلەندى. (ئاي، قۇياش ۋە 9 سەييارە)

ئەمدى «يۈسۈف» سۈرىسىدىكى سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي سانى بىلەن ئاچقۇچ ئايەتلەرنىڭ نومۇرلىرىنى جەملەيمىز.

1706 سۆز

«يۈسۈف» سۈرىسىنىڭ ئەرەبچە تېكىستىدە جەمئىي 1706 سۆز بار. ئەمدى بايا بىز تەھلىل قىلغان ئاچقۇچ ئايەتلەرنىڭ نومۇرلىرىنى يازايلى:

4ـ ئايەت: 11يۇلتۇز سۆزلەنگەن بىردىنبىر ئايەت.

101ـ ئايەت: ”ئاسمانلار“ سۆزى بار، ئالەم ھەققىدە سۆزلەنگەن ئايەت.

105ـ ئايەت: ”ئاسمانلار“ سۆزى بار، ئالەم ھەققىدە سۆزلەنگەن يەنە بىر ئايەت.

ئەمدى بىز باشقا سۈرىلەردىمۇ قوللانغان قائىدىنى قوللىنايلى، سۆز سانى



www.munber.org

بىلەن ئايەت نومۇرلىرىنى جەملەيلى.

+4+101+105=19161706

كۆرگىنىمىزدەك، مىلادى 1916-يىلىغا ئىگە بولدۇق. بۇ ۋاقىتتا ئالىملار 11-سەييارە بولغان پلوتوننى بايقىغان.

1915-1916-يىللاردا قىلىنغان تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە پېرسىۋال لوۋېل ۋە ۋىلىئام پىكېرىڭ دېگەن ئىككى ئالىم پلوتوننىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن 1930-يىلىدا پلوتوننىڭ بارلىقى فوتوگراف بىلەن ئىسپاتلانغان.

ئۇ سەييارىگە ئۇنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان پېرسىۋال لوۋېلنىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپلىرى بىلەن "پلوتون" نامى بېرىلگەن.

بۇ يەردە قوشۇمچە بىلىم سۈپىتىدە، كۆپلىگەن قۇرئان تەرجىملىرىدە 11يۇلتۇز دەپ تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئىپادە ئۈستىدە توختىلىمىز. 4-ئايەتنىڭ ئەرەبچە ئوقۇلۇشى شۇ شەكىلدە:

"ئىز قاله يۇسۇفۇ لىئەبيهى يائەبەتي ئىننيرەئەيتۇ ئەھەدە ئەسەرە كەۋكەبەن ۋەشەمسە ۋەلقەمەرە رەئەيتۇھۇم لىي ساجدىين"

بۇ يەردە ئېنىق يېزىلغان "كەۋكەبەن" سۆزى تىلىمىزدا ئاساسەن "يۇلتۇزلار" دەپ تەرجىمە قىلىنماقتا. لېكىن بۇ يەردە باشقا مۇھىم بىر مەنە ئاتلاپ كېتىلگەن، چۈنكى "يۇلتۇز" سۆزى قۇرئاندا ئاساسەن "نەجم - نۇجۇم" دەپ ئېلىنغان. بۇ ئايەتتىكى "كەۋكەبەن" سۆزى "سەييارىلەر ياكى ئالەم شارلىرى" مەنىسىدىمۇ كەلمەكتە.

www.munber.org

# تېلېسكوپنىڭ كەشپ قىلىنىشى

ئەمدى تەھلىل قىلىدىغىنىمىز بايا بىز تەھلىل قىلغان «يۇسۇف» سۈرىسىدىن كېيىنلا نازىل بولغان سۈرە. بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئارقىمۇئارقا كېلىشى قىزىقارلىق. چۈنكى ئالىملار سەييارىلەرنى تېلېسكوپلار ئارقىلىق بايقىغان.

«ھىجر» سۈرىسىنىڭ 14-ئايىتىگىچە ئىلاھىي ئەمرلەر سۆزلىنىدۇ. پەقەت دەل 14- ئايەتتە تېما بىردىنلا ئاسمانغا چىقىش ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. شۇنداقلا قۇرئاننىڭ بېشىدىن ئاخىرغىچە باشقا ھېچبىر يېرىدە يوق ”تۇركۇم يىلتىزلارنى كۆزەتمەك“ سۆزى ئۇچرايدۇ.

﴿بىز ئۇلارغا ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىپ بەرگەن، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئاسمانغا ئۆرلەپ (ئالەمى ئەرۋاھى، پەرىشتىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ)، ئۇلار چوقۇم: كۆزلىرىمىز باغلىنىپ قالدى، بەلكى سېھىرلەنگەن قەۋم بولۇپ قالساق كېرەك دېيىشىدۇ. بىز ئاسماندا بۇرۇجلارنى ياراتتۇق ۋە كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئاسماننى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىدۇق﴾ («ھىجر» سۈرىسى، 14 ـــ 16- ئايەتلەر).

كۆرگىنىڭىزدەك، ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئايەتلەردە ئاسمانغا ئۆرلەش ۋە ئالەمدىكى يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىتىلىشى سۆزلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن ئاۋۋالقى سەييارىلەر مەسىلىدا بىز نومۇرلىرىنى نەقىل ئالغان ئايەتلەر سۈرىنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدە ئىدى ۋە بىر-بىرىدىن مۇستەقىل ئىدى. شۇڭا ئايەتنىڭ بىر قانچە پەرقلىق نومۇرىنى نەقىل كەلتۈرگەنىدۇق. لېكىن بۇ يەردە ئايەتلەر ئارقىمۇئارقا كەلمەكتە. مانا مۇشۇ سەۋەب بىلەن پەقەت تېمىنى باشلاتقان 14-ئايەتنى نەقىل كەلتۈرىمىز.

باشقا سۈرىلەردە قىلغاندەك، بۇ سۈرىدىمۇ جەمئىي سۆز سانىنى ئايەت

www.munber.org

نومۇرى بىلەن جەملىگىنىمىزدە تۈنجى تېلېسكوپ كەشپ قىلىنغان ۋاقىت 1668 ـ يىل كېلىپ چىقىدۇ.

654 (1) سۆز

14 ـ ئايەتتە ئاسمانغا ئۆرلەشتىن كېيىنلا ئالەمدىكى يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىتىلىشى سۆزلىنىدۇ.

ئەمدى ھەر ۋاقىت قىلغىنىمىزدەك، جەمئىي سۆز سانى بىلەن ئايەت نومۇرىنى جەملەيلى. $(1)654+14=1668$

داڭلىق فىزىكا ئالىمى سىر ئىساك نيۇتون تەرىپىدىن 1668 ـ يىلدا تۈنجى قېتىم ئەينەكلىك تېلېسكوپىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ نۇقتىلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى سەييارىلەر ۋە يۇلتۇزلار بۇ تېخنىكىلىق تەرەققىيات نەتىجىسىدە بايقالغان. ئەينەكلىك تېلېسكوپ بىلەن بىللە لوپا ئەينەكلىكلىرىمۇ بار، ئەمما ئاساسلىق قوللىنىلغىنى 1668 ـ يىلدا كەشپ قىلىنغان ئەينەكلىك تېلېسكوپ. ئەمەلىيەتتە بىز ياشاۋاتقان بۇ تېخنىكىلىق دەۋردىمۇ كۆپىنچە ئەينەكلىك تېلېسكوپ قوللىنىلماقتا.

## تۇنجى ئالەم قاتناش ۋاستىلىرى

«ئىسرا» سۈرىسى بايا بىز تەھلىل قىلغان ۋە ئاسترونومىيىگە ئالاقىدار مەلۇماتلارغا ئېرىشكەن سۈرىلەردىن ئاۋۋال نازىل بولغان.

سۈرىنىڭ ئىسمى بولغان «ئىسرا» سۆزى ”كېچە سەپىرى“ دېگەن مەنىدە، شۇنداقلا مىئراج (ئاسمانغا چىقىش) ھادىسىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەقتە بەزىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاسمانغا جىسمانەن چىققانلىقى پىكرىنى ئىلگىرى سۈردى، بەزىلەر روھەن چىققانلىقى پىكرىدە چىڭ تۇرۇشتى.

www.munber.org

ئەرەبچىدىكى ”سەما“ سۆزىنىڭ بىزدىكى مەنىسى ”ئاسمان“. ئاسمان سۆزى خېلى كۆپ يەردە كېلىدۇ. ئەمما قۇرئاندا ”ئاسمان“ سۆزى بىلەن بىللە ”ئاسمانلار“ سۆزىنىڭمۇ قوللىنىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ قىزىقارلىق بىر ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بايا دېگەنىدۇق. چۈنكى يەر شارىمىز بىرلا ئاسمانغا ئىگە، ۋاھالەنكى قۇرئان بىردىن كۆپ ئاسماننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تىلغا ئېلىپ، ئالەمگە دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرمەكتە.

”ئاسمانلار“ سۆزىنى دىن ۋە پەن ئالىملىرى ئالەم بوشلۇقى، ئالەم دەپ تەسۋىرلىگەن. بۇرۇنقى زامانلاردا ياشىغان ئىنسانلارمۇ دۇنيانىڭ نېرىسىنى ۋە ئالەم بوشلۇقىنى ”ئاسمانلار“ سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن.

«ئىسرا» سۈرىسىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا ”ئاسمانلار“ سۆزىنىڭ پات-پات قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز. جەمئىي 4 ئايەتتە ”ئاسمانلار“ (ئالەم بوشلۇقى، ئالەم) سۆزى ئورۇن ئالغان.

﴿يەتتە ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ بىلىدۇ...﴾ (4-ئايەت)

﴿پەرۋەردىگارىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ...﴾ (55-ئايەت).

﴿ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش ئىنسانلارنى يارىتالايدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟...﴾ (99-ئايەت).

﴿مۇسا: (ئى پىرئەۋن) بۇلار (يەنى توققۇز مۆجىزە) نى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ راستچىللىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن (گەرچە تىلىڭدا ئىقرار قىلمىساڭمۇ دىلىڭدا ئەلۋەتتە) ئوبدان بىلىسەن، مەن سېنى ئى پىرئەۋن، ھالاك بولىدۇ دەپ ئويلايمەن﴾ (102-ئايەت).



www.munber.org

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پەقەت 93-ئايەتتە ﴿ئاسمانغا چىقماق﴾ سۆزلىنىدۇ. سۈرىدىكى 93-ئايەتتە بەزى كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزگە ئىشىنەلىشى ئۈچۈن قىزىقارلىق بىر تەكلىپتە بولىدۇ. ئۇلارنى قايىل قىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاسمانغا چىقىشى كېرەكلىكىنى دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

﴿ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن، ياكى سەن (شوتا بىلەن ئاسمانغا چىققىن، تاكى (ئاللاھ تەرىپىدىن سېنىڭ ئۈنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ پاكتۇر، مەن پەيغەمبەر ئىنسانمەن (ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ﴾ (93-ئايەت).

ئەمدى قولىمىزدىكى ئاچقۇچ ئايەتلەرنى خۇلاسە شەكلىدە يازايلى:

"ئاسمانلار" (ئالەم بوشلۇقى، ئالەم)= 44-، 55-، 99-، 102-ئايەتلەردە

"ئاسمانغا چىقماق"= پەقەت 93-ئايەتتە ئۇچرايدۇ.

مانا بۇ ئايەت نومۇرلىرىنى سۆز سانى بىلەن جەملىگىنىمىزدە تۇنجى ئالەم قاتناش قورالى ياسالغان 1956-يىل كېلىپ چىقىدۇ.

1563 سۆز

بۇ سۈرىدە جەمئىي 1563 سۆز بار.

1563 نى يۇقىرىدىكى ئايەت نومۇرلىرى بىلەن جەملىگىنىمىزدە 1956-يىلغا ئىگە بولىمىز.

1563+44+55+99+102+93=1956

1956-يىل ئىنسانلارنىڭ ئالەمدىن خەۋەرسىز ياشىغان ئاخىرقى يىلى.

www.munber.org

بۇ يىلدىن كېيىنلا بۇگۈنگىچە نۇرغۇن ئالەم قاتناش قوراللىرى قويۇپ بېرىلدى. بۇ جەھەتتە ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تۇنجى قەدەمنى باستى.

www.munber.org

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## ئىلمىي مۆجىزىلەر

ھازىرغىچە بەرگەن مىساللىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە سان ۋە تارىخنى تۇتقا قىلدۇق. بۇ بۆلۈمدە قۇرئاندىكى زامانىۋى بىلىملەرگە ئۇيغۇن ئىپادىلەرنىڭ بىر قىسمىنى تەھلىل قىلىمىز. بۇ بۆلۈمنى تەييارلاش داۋامىدا قۇرئان مۆجىزىلىرىنى تېما قىلغان بەزى مەنبەلەردىن نەقىل ئالدۇق.

## ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى

ئالەمنىڭ چەكسىزلىكى، ئەزەلدىن بار ئىكەنلىكى ۋە ئەبەدىي مەۋجۇت بولىدىغانلىقىدەك كۆزقاراش 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھۆكۈمران ئىدى. "تۇرغۇن ئالەم مودېلى" نامى بېرىلگەن بۇ چۈشەنچىگە كۆرە، ئالەم ئۈچۈن ھەر قانداق ئېيتىدا (باشلىنىش)، ئىنتىھا (ئاخىرلىشىش) مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭمۇ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان بۇ كۆزقاراش ئالەمنى مۇقىم ۋە ئۆزگەرمەس ماددىلارنىڭ گەۋدىسى دەپ قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ھالبۇكى 20-ئەسىردە تەرەققىي قىلغان پەن-تېخنىكا ماتېرىيالىستلارغا ئورۇن ساقلاۋاتقان "تۇرغۇن ئالەم مودېلى" دېگەندەك ساددا چۈشەنچىلەرنى ئاغدۇرۇۋەتتى.

21-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالەمنىڭ بىر باشلانغۇچى بارلىقى، يوقلۇقتىن بۈيۈك بىر پارتلاش بىلەن بارلىققا كەلگەنلىكى زامانىۋى فىزىكا تەرىپىدىن



www.munber.org

نۇرغۇن تەجرىبە، كۆزىتىش ۋە ھېسابلاش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشۋاتىدۇ.ئۇنىڭدىن باشقا، ئالەمنىڭ ماتېرىيالىستلارنىڭ دېگىنىدەك مۇقىم، تۇرغۇن ئەمەسلىكى، دەل ئەكسىچە، ئۈزلۈكسىز بىر ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىش ئىچىدە ئىكەنلىكى، كېڭەيگەنلىكمۇ ئىسپاتلاندى. بۈگۈن بۇ ئەمەلىيەت پۈتۈن ئىلىم دۇنياسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماقتا.

«قۇرئان كەرىم» دە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ:

﴿ئاسمانلارنى ۋە يەرنى يوقتىن بار قىلغان ئۇدۇر...﴾ («ئەنئام» سۈرىسى، 101-ئايەت)

قۇرئاندا بېرىلگەن بۇ ئۇچۇر زامانىۋى ئىلىم بايقاشلىرى بىلەن دەل ماس كېلىدۇ. باشتا دېگىنىمىزدەك، ئىستروفىزىكا ئېرىشكەن ئېنىق نەتىجە شۇكى، پۈتكۈل ئالەم ماكان ۋە زامان بىلەن بىرلىكتە بىر نۆل (يوقلۇق) ۋاقىتتا بۈيۈك بىر پارتلاش بىلەن بارلىققا كەلگەن. "بۈيۈك پارتلاش" ئەسلى نامى بىلەن "بىگ باڭ" تىئورمىسى دېيىلىدۇ، بۇ تىئورما پۈتكۈل ئالەمنىڭ تەخمىنەن 15 مىليارد يىل ئاۋۋال بىر نۇقتىنىڭ پارتىلىشى بىلەن يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

"بىگ باڭ" دىن ئاۋۋال ماددا دەيدىغان بىر نەرسە يوق. ماددا، ئېنېرگىيە، ھەتتا زامانمۇ بولمىغان ، تامامەن مېتافىزىك دەپ تونۇلىدىغان بىر يوقلۇقتا ماددا، ئېنېرگىيە ۋە زامان بىر ئاندا (تۇيۇقسىز) يارىتىلغان. زامانىۋى فىزىكا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ بۈيۈك ھەقىقەت قۇرئاندا بىزگە 1400 يىل ئاۋۋال خەۋەر بېرىلگەن.

## ئالەمنىڭ ئاخىرلىششى ۋە بىگ كرۇنچ

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئالەمنىڭ شەكىللىنىشى "بىگ باڭ" دېيىلگەن



www.munber.org

بۈيۈك بىر پارتلاش بىلەن باشلانغان ۋە شۇ زاماندىن بېرى ئالەم كېڭەيمەكتە. ئالىملار ئالەم جىسمى يېتەرلىك مىقدارغا كەلگەندە تارتىش كۈچى سەۋەبى بىلەن بۇ كېڭىيىشنىڭ توختايدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئالەمنىڭ ئۆز ئىچىگە چۆكۈشى ھەم كىچىكلىشىنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى، كىچىكلىگەن ئالەمنىڭمۇ ئەڭ ئاخىرىدا "بىگ كرۇنچ" دېيىلگەن ناھايىتى يۇقىرى بىر ھارارەت ۋە سىقىلىش بىلەن تۈگەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە. بۇ، بىز بىلىدىغان پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ يوقۇلۇشىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ.

"بىگ كرۇنچ" دەپ ئىپادىلەنگەن بۇ ئىلمىي نەزەرىيىۋى چۈشەنچە قۇرئاندا مۇنداق بىشارەت بېرىلمەكتە:

﴿ئۇ كۈندە ئاسمانى (يۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز﴾ («ئەنبىيا» سۈرىسى، 104-ئايەت).

يەنە بىر ئايەتتە بولسا ئاسمانلارنىڭ بۇ ھالىتى مۇنداق تەرىپلەنمەكتە:

﴿ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر﴾ («زۇمەر» سۈرىسى، 67-ئايەت).

"بىگ كرۇنچ" نەزەرىيىسىگە كۆرە، ئالەم باشتا كېڭەيگىنىدەك ئاۋۋال ئاستا، ئەمما بارغانسېرى تېز كىچىكلەشكە باشلايدۇ. بۇ جەرياندا ئالەم چەكسىز قايناق، چەكسىز ھارارەتلىك ۋە چەكسىز كىچىك بىر نۇقتا ھالىغا كېلىدۇ. تەرىپلەنگەن بۇ ئىلمىي نەزەرىيە قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن ماس كېلىدۇ. (ئەڭ توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ).

www.munber.org

# قىززىق تۇماندىن يارىتىلىش

بۇگۈن ئالىملار يۇلتۇزلارنىڭ تۇماندىن ــ قىززىق گاز بۇلۇتىدىن شەكىللەنگەنلىكىنى كۆزىتەلمەكتە. قىززىق گاز توپلىمىدىن شەكىللىنىش ئوخشاشلا ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ئۈچۈنمۇ كېرەكلىك. قۇرئاندىمۇ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى بۇ ئىلمىي بايقاشلارنى تەستىقلايدىغان تەرزدە تەرىپلەنگەن:

﴿ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم-زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە(تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى)سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر). ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا)يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا:'ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار) ' دېدى. ئىككىلىسى 'ئىختىيارىي كەلدۇق' دېدى﴾ («فۇسسىلەت» سۈرىسى، 10-، 11-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئۇچرايدىغان "تۇمان" سۆزى ئەرەبچىدە "دۇخانۇن" دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئالەمدىكى قىززىق بىر تۇماننى تەرىپلىمەكتە. قاتتىق ماددىلارغا باغلىنىشلىق ئۇچۇچان پارچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، قىززىق گاز ھالىتىدە بىر يىغىندا بولغان بۇ تۇمان شەكلى ئايەتتە ئۇچرايدىغان سۆز بىلەن تولۇق تەرىپلەنمەكتە. كۆرۈلگىنىدەك، قۇرئاندا ئالەمنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ھالىتىنى تەرىپلىگەن ئەڭ ئۇيغۇن سۆز قوللىنىلغان. ئالىملار بولسا ئالەمنىڭ تۇمان ھالىتىدىكى قىززىق بىر گاز يىغىندىسىدىن شەكىللەنگەنلىكىنى 20-ئەسىردە بايقىغان.

www.munber.org

ئالەمنىڭ يارىتىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بۇنداق بىر ئۇچۇرنىڭ قۇرئاندا بىلدۈرۈلۈشى شەك-شۈبھىسىزكى قۇرئاننىڭ ئىلمىي ساھەدىكى بىر مۆجىزىسىدۇر.

## ئاسمانلار بىلەن يەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشى

ئاسمانلارنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە قۇرئاندا يەنە بىر ئايەت مۇنداق ئۇچۇر بېرىدۇ:

﴿كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر-بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟﴾ («ئەنبىيا» سۈرىسى، 30-ئايەت).

ئايەتنىڭ "بىر-بىرىگە تۇتاش" دەپ تەرجىمە قىلىنغان "راتك" سۆزى ئەرەبچە لۇغەتلەردە "بىر-بىرى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن، ئايرىلماس، قوشۇلۇپ كەتكەن" دېگەن مەنىدە. يەنى پۈتۈن بىر ماددىنى تەشكىل قىلغان ئىككى ماددىنى تولۇق ئىپادىلىمەك ئۈچۈن بۇ سۆز قوللىنىلىدۇ. ئايەتتە ئۇچرايدىغان "ئايرىۋەتتۇق" دېگەن سۆز ئەرەبچىدە "فاتك" پېئىلى بولۇپ، بۇ پېئىل تۇتاش بىر نەرسىنى يىرىپ، پارچىلاپ چىقىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇقنىڭ تۇپراقتىن بىخلىنىپ چىقىشى ئەرەبچىدە مۇشۇ پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئەمدى ئايەتكە يەنە قارايلى. ئايەتتە ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ بىر-بىرىگە تۇتاش، يەنى "راتك" بىر ھالدا ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئارقىدىن بۇ ئىككىسى "فاتك" پېئىلى بىلەن ئايرىلىدۇ. يەنى بىرى يەنە بىرىنى يىرىپ چىقىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ "بىگ باڭ" نىڭ تۇنجى ھالىتىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئالەمنىڭ پۈتكۈل ماددىسىنىڭ بىرلا نۇقتىدا يىغىلغانلىقىنى كۆرىمىز. باشقىچە ئېيتقاندا،



www.munber.org

ھەممە نەرسە، ھەتتا تېخى يارىتىلمىغان ”ئاسمانلار بىلەن زېمىن“ مۇ مۇشۇ نۇقتىنىڭ ئىچىدە بىر-بىرى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن، ئايرىلماس ھالەتتە تۇرغان بولىدۇ. ئارقىدىن بۇ نۇقتا شىددەتلىك بىر پارتلاش بىلەن يېرىلىپ ئايرىلغان.

## ئالەمدىكى مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇق

﴿ئاللاھ يەتتە ئاسمانى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىگە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن، ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقسانى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ﴾ («مۈلك سۈرىسى»، 3-، 4-ئايەت).

ئالەمدىكى مىلياردلارچە يۇلتۇز ۋە سامان يولى مۇكەممەل بىر ئۇيغۇنلۇق ئىچىدە ئۆزلىرىگە بېكىتىلگەن ئوربېتالىرىدا ھەرىكەتلىنىدۇ. يۇلتۇزلار، پىلانېتالار ۋە سۈنئىي ھەمراھلارمۇ ئۆز ئەتراپىدا ھەم باغلىنىشلىق سىستېمىلىرىدا بىرلىكتە ئايلىنىدۇ. ھەتتا بەزىدە ئىچىدە 200-300 مىليارد يۇلتۇزلار بولغان يۇلتۇزلار تۈپى بىر-بىرىنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ئۆتۈشتە ئالەمدىكى بۈيۈك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدىغان ھەر قانداق بىر سوقۇلۇش يۈز بەرمەيدۇ.

ئالەمدىكى تېزلىك ئۇقۇمى دۇنيادىكى تېزلىك ئۆلچىمى بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا ئىگىلىنىشى تەس مىقتاردۇر. مىلياردلارچە، تىرىليونلارچە تونىنا ئېغىرلىقتىكى يۇلتۇزلار، پىلانېتالار ۋە سانلىق قىممەتلىرىنى پەقەت ماتېماتىكىلار بىلەلەيدىغان چوڭلۇقتىكى يۇلتۇزلار تۈپى ۋە يۇلتۇزلار تۈپىنىڭمۇ يىغىندىسى ئالەم ئىچىدە پەۋقۇلئاددە بىر سۈرئەتتە ھەرىكەتلىنىدۇ.

مەسىلەن، يەر شارى سائەتكە 1670 كىلومېتىر تېزلىكتە ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. بۈگۈن ئەڭ تېز ئوقنىڭ سائەتكە 1800 كىلومېتىرلىق

ئۆتتۈرىچە سۈرئەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئويلىساق، دۇنيانىڭ غايەت زورلۇقتا قارىماي سۈرئىتىنىڭ نە قەدەر تېز ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى تېزلىكى بولسا ئوق تېزلىكىنىڭ 60 ھەسسىسىگە يېقىندۇر: سائىتىگە 108مىڭ كىلومېتىر. (مۇشۇنداق يۇقىرى سۈرئەتتە يول قاتلايدىغان بىر قاتناش قورالى ياسىلالىسا ئىدى، يەر شارى ئەتراپىنى 22 دەقىقىدە ئايلىنىپ بولاتتى). بىز بەرگەن بۇ سانلار پەقەت يەر شارى ئۈچۈندۇر. قۇياش سىستېمىسىنىڭ بولسا تېخىمۇ ئاجايىپ. بۇ سىستېمىنىڭ سۈرئىتى ئەقىل يەتمىگۇدەك دەرىجىدە تېز. ئالەمدىكى سىستېمىلار قانچە چوڭ بولغانچە سۈرئىتى شۇنچە ئاشىدۇ. قۇياش سىستېمىنىڭ سامان يولى مەركىزى ئەتراپىدىكى ئايلىنىش سۈرئىتى سائىتىگە دەل 720 مىڭ كىلومېتىر. 200 مىلياردقا يېقىن يۇلتۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان"سامان يولى توپى"نىڭ ئالەم ئىچىدىكى تېزلىكى بولسا سائىتىگە 950 مىڭ كىلومېتىر.

شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنداق مۇرەككەپ ۋە تېز ھالەتتىكى سىستېما ئىچىدە بۈيۈك بالا-قازالارنىڭ شەكىللىنىش ئېھتىمالى ئىنتايىن چوڭ. ئەمما بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ، بىزمۇ ھاياتىمىزنى خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتكۈزىمىز. چۈنكى ئالەمدىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان مۇكەممەل تەكشۈرۈپ تەڭپۇڭلۇقتا ئاساسەن رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئايەتتە بىلدۈرۈلگەندەك، پۈتۈن بۇ سىستېما ئىچىدە "ھېچبىر نۇقسان" يوق.

## قۇياشنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى

قۇرئاندا قۇياش ۋە ئاي توغرۇلۇق سۆزلەنگەندە ھەر بىرىنىڭ مۇقىم بىر ئوربىتىسى بارلىقى تەكىتلىنىدۇ:



www.munber.org

﴿ئاللاھ كېچىنى ۋە كۈندۈزنى، كۈننى ھەم ئاينى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى (ئۆزىگە خاس) پەلەكتە سەيىر قىلىدۇ﴾ («ئەنبىيا» سۈرىسى، 33ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئۇچرايدىغان "سەيىر قىلماق" سۆزى ئەرەبچىدە "سابااھا" دېيىلىدۇ ۋە قۇياشنىڭ ئالەمدىكى ھەرىكىتىنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆز قۇياش ئالەمدە ھەرىكەت قىلغاندا كونترولسىز ئەمەسلىكى، ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشى، ئايلانغاندا بىر يولنى بويلىشى مەنىسىدىدۇر. قۇياشنىڭ مۇستەھكەم بولمىغان ئېنىق بىر ئوربىتىدا يۈرۈۋاتقانلىقى يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بىلدۈرۈلمەكتە:

﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ سەيىر قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴾ («ياسىن» سۈرىسى، 38ـ ئايەت).

قۇرئاندا بىلدۈرۈلگەن بۇ ھەقىقەتلەر پەقەت زامانىمىزدا ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلدى. ئاسترونوملارنىڭ قارىشىچە، قۇياش، "سولار ئاپېكس" نامى بېرىلگەن بىر ئوربىتانى بويلاپ ۋېگا يۇلتۇزى يۆنۈلۈشىدە سائەتتە 720 مىڭ كىلومېتىرلىق يۇقىرى تېزلىكتە ھەرىكەتلەنمەكتە. بۇ ئاددىي ھېساب بىلەن قۇياشنىڭ كۈندە 17مىليون 280 مىڭ كىلومېتىر يۈرگىنىنى كۆرسىتىدۇ. قۇياش بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ تارتىش كۈچى سىستېمىسى ئىچىدىكى بارلىق پىلانېتالار ۋە سۈنئىي ھەمراھلارمۇ شۇ مۇساپىنى باسىدۇ.

www.munber.org

# دۇنيانىڭ يۇمىلاقلىقى

﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ئاساسىدا ياراتتى. ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە ئورايدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە ئورايدۇ...﴾ («زۇمەر» سۈرىسى، 5ـئايەت).

قۇرئاننىڭ ئالەمنى تونۇشتۇرىدىغان ئايەتلىرىدە قوللىنىلغان ئىپادىلەر دىققەتنى تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتتە "ئورىماق" دەپ تەرجىمە قىلىنغان ئەرەبچە سۆز "تەكۋىر" دۇر. بۇ سۆزنىڭ ئۆيغۇرچە مەنىسى "يۇملاق بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە ئورىماق" تۇر. (مەسىلەن، ئەرەبچە لۇغەتلەردە "باشقا سەللە ئوراش" دېگەندەك يۇملاق نەرسە مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پېئىللار ئۈچۈن بۇ سۆز قوللىنىلىدۇ). ئايەتتە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئۈستىنى ئورىشى (تەكۋىر ئېتىشى) ھەققىدە بېرىلگەن ئۇچۇر يەنە دۇنيانىڭ شەكلى ھەققىدە ئېنىق بىر ئۇچۇرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. پەقەت ۋە پەقەت دۇنيا يۇملاق بولغاندا بۇ ئايەتتە ئىپادىلەنگەن پېئىل راست بولغان بولىدۇ. يەنى 7ـئەسىردە نازىل بولغان قۇرئاندا دۇنيانىڭ يۇملاق ئىكەنلىكىگە بىشارەت بېرىلگەن.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىدە يەر شارى باشقىچە پەرەز قىلىناتتى. ئۇ دەۋردە يەر شارى تۈز بىر تەكشىلىك دەپ چۈشىنىلەتتى ۋە بارلىق ھېساب ۋە چۈشەندۈرۈشلەرمۇ شۇنىڭغا قارىتىلاتتى. ھالبۇكى قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى بولغانلىقتىن، ئالەمنى تەرىپلىگەندە مۇمكىنقەدەر ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرگۈچى سۆزلەر قوللىنىلغان. بىز تېخى يېقىنقى ئەسىردە بىلگەن بۇ بىلىملەر قۇرئان ئايەتلىرىدە 1400يىل ئاۋۋال خەۋەر بېرىلمەكتە.

www.munber.org

# ئاتموسفېرا قاتلاملىرى

ئاسماننىڭ يەتتە قەۋەتلىك تۈزۈلگەنلىكى قۇرئان ئايەتلىرىدە ئالەم ھەققىدە بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن بىرىدۇر.

﴿ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسمانني يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ («بەقەرە» سۈرىسى، 29-ئايەت).

﴿ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى... ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى)...﴾ («فۇسسىلەت» سۈرىسى، 11-، 12-ئايەت).

يەتتە ئاسمان سۆزى ئالەمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغىنىدەك، دۇنيا ئاسمىنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. يەنى مەزكۇر سۆزنىڭ بۇ مەنىسىدىن ئاسماننىڭ يەتتە قاتلامدىن تۈزۈلگەنلىك يەكۈنى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

بۈگۈن دۇنيا ئاتموسفېراسىنىڭ ھەقىقەتەن ئۈستى-ئۈستىگە تىزىلغان پەرقلىق قاتلاملاردىن شەكىللەنگەنلىكى بىلىنمەكتە. خېمىيىلىك تەركىپ ۋە ياكى ھاۋا ئىسسىقلىقى ئۆلچەم قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ئېنىقلاشلاردا دۇنيا ئاتموسفېراسى يەتتە قاتلام دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بۈگۈن 48 سائەتلىك ھاۋا رايى تەخمىنلىرىدە قوللىنىلىۋاتقان ۋە "Limited Fine Mesh Model" دەپ ئاتىلىدىغان ئاتموسفېرا مودېلىغا ئاساسلانغاندىمۇ ئاتموسفېرا يەتتە قاتلامدۇر. زامانىۋى مېترولوگىيە چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا ئاتموسفېرانىڭ يەتتە قاتلىمى شۇ شەكىلدە رەتكە تۇرغۇزۇلماقتا:

1- تروپوسفېرا، 2- ستراتوسفېرا، 3- مېزوسفېرا، 4- تېرموسفېرا، 5-

www.munber.org

ئېكزوسفىرا، 6ـ ئىيونوسفىرا، 7ـ ماگنېتوسفىرا.

# بىخەتەر ئۆگزە

قۇرئاندا ئاللاھ ئاسماننىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىنى ئېيتىدۇ:

﴿ئاسماننى بىز بىخەتەرئۆگزە قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاسماندىكى (كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىن غەپلەتتىدۇر﴾ («ئەنبىيا» سۈرىسى، 32ـ ئايەت).

ئاسماننىڭ ئايەتتە بىلدۈرۈلگەن بۇ ئالاھىدىلىكى 20 ـ ئەسىردىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.

دۇنيانى تولۇق چۆرىدىگەن ئاتموسفىرا ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زور ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلايدۇ. يەر شارىغا ئۇدۇل يېقىنلىشىپ كەلگەن چوڭ ـ كىچىك نۇرغۇن مېتورىتنى ئېرىتىپ يوق قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يەر يۈزىگە چۈشۈپ جانلىقلارغا زور زىيان يەتكۈزۈشىنى توسىدۇ.

ئاتموسفىرا يەنە ئالەمدىن كەلگەن ۋە جانلىقلار ئۈچۈن زىيانلىق نۇرلارنى سۈزىدۇ. ئاتموسفىرانىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئەڭ ئاجايىپ يېرى شۇكى، ئاتموسفىرا پەقەت زىيانسىز مىقداردىكى نۇرلارنى، يەنى كۆرۈنىدىغان نۇر، ئىنفىرا قىزىل نۇر ۋە رادىئو دولقۇنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر نۇرلاردۇر. مەسىلەن، ئاتموسفىرا تەرىپىدىن بەلگىلىك مىقداردا ئۆتكۈزۈلگەن رۇخسەت بېرىلگەن ئۇلترا بىنەپشە نۇرلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتوسىنتېز رولى ۋە بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جانلىقلارنىڭ ھايات قېلىشى نۇقتىسىدىن غايەت چوڭ رول ئوينايدۇ. قۇياش تەرىپىدىن چىچىلغان

www.munber.org

شــىددەتلىك ئۇلترابىنەپشە نۇرلارنىــڭ كــۆپ قــىسمى ئاتموســفىرانىڭ ئــوزون قاتلىمىــدا ســۈزۈلىدۇ ۋە دۇنيــا يــۈزىگە هايــاتلىق ئۇچــۇن كېرەكلىــك ئــاز بىــر قىسمى يېتىپ كېلىدۇ.

ئاتموسفىرانىڭ قوغداش ئالاھىدىلىكى بۇنىــڭ بىلەنلا قالمايــدۇ. ئالەمنىــڭ تەخمىنەن نۆلدىن تــۆۋەن 270 دەرىجىلىــك ئۇشــشۇتكۇچى ســوغۇقىدىن يەر شارى يەنە ئاتموسفىرا ئارقىلىق ساقلىنىدۇ.

دۇنيــانى زىيــانلىق تەســىرلەردىن ســاقلايدىغان يــالغۇز ئاتموســفىرالا ئەمەس. ئاتموســفىرا بىــلەن بىلــلە "ۋان ئــاللەن بەلبــاغلىرى" دېيىلىــدىغان، يەر شــارىنىڭ ماگنېــت مەيدانىــدىن مەنبەلەنگەن بىــر قــاتلاممۇ پلانېتامىزغــا كەلــگەن زىيــانلىق نۇرلارغــا قارشــى بىــر قالقــان ۋەزىپىــسىنى ئۆتەيــدۇ. قۇياشــتىن ۋە باشــقا يۇلتۇزلاردىن داۋاملىق چېچىلىــدىغان بــۇ نــۇرلار ئىنــسانلار ئۇچــۇن هــالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان كۈچكە ئىگە. بولۇپمۇ قۇياشتا پات-پات مەيدانغا كېلىــدىغان ۋە "چاقنــاش" نــامى بېــرىلگەن ئېنېــرگىيە پارتلاشــلىرى ئەگەر ۋان ئــاللەن بەلباغلىرى بولمىسا دۇنيادىكى پۈتكۈل هاياتلىقنى يوق قىلالايدۇ.

ۋان ئاللەن بەلباغلىرىنىڭ هاياتىمىزدىكى مۇهىملىقىنى دوكتــور هــۇگ روس مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

يەر شــارى قۇيــاش سىستېمىــسىدىكى پلانېتــالار ئارىــسىدا ئەڭ يــۇقىرى زىچلىقتــا ئىــگە. يەرشــارىدىكى بــۇ چــوڭ نىكىــل-تۆمــۈر يادروســى چــوڭ بىــر ماگنېتلىق مەيدانغا مەسئۇل. بۇ ماگنېت مەيــدانى ۋان ئــاللەن رادىياتسىيىــسىنىڭ قوغدىغۇچى قاتلىمىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بــۇ قــاتلام يەر يــۈزىنى رادىئاتــسىيە بومباردىمانىدىن قوغدايدۇ. ئەگەر بۇ قوغدىغۇچى قاتلام بولمىسا ئــىدى، دۇنيــادا هايــاتلىق مەۋجــۇت بولمــايتتى. ماگنېــت مەيــدانى بولغــان ۋە قىيــالىق يەرلەردىــن شەكىللەنگەن يەنە بىر پلانېتا مېركۇرىدۇر. لېكىن مېركۇرىنىڭ ماگنېت مەيــدانى كــۈچى يەر شــارىنىڭكىدىن 100 هەســسە ئــاز. ۋان-ئــاللەن رادىئاتــسىيە



www.munber.org

قورۇغۇچى قاتلىمى يەر شارىغىلا خاس.

ئۆتكەن يىللاردا ئىنقىلانغان (قويياشتىكى) بىر پارتلاشتا چىققان ئېنېرگىيەنىڭ (ياپونىيەدىكى) خىروسىما ئارىلىغا ئېتىلغان ئاتوم بومبىسىدەك 100 مىليارد ئاتوم بومبىسىغا تەڭ ئىكەنلىكى ھېسابلاندى. پارتلاشتىن 58 سائەت كېيىن كومپاسنىڭ ستىرېلكىلىرىدا زىيادە ھەرىكەتلەر كۆرۈلگەن. دۇنيا ئاتموسفېراسىنىڭ 250 كىلومېتىر ئۈستىدە ئىسسىقلىق بىراقلا ئۆرلەپ 2500 سېلسىيە گىرادۇسقا چىققان.

قىسقىسى يەر شارى ئۈستىدە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ۋە تاشقى خەۋپ-خەتەردىن قوغدايدىغان مۇكەممەل بىر سىستېما خىزمەت قىلىدۇ. دۇنيانى ئورىغان ئاسماننىڭ بۇ قوغدىغۇچى قالقانلىق ئالاھىدىلىكىنى ئاللاھ ئەسىرلەر ئاۋۋال قۇرئاندا بىزگە بىلدۈرگەن.

## قايتۇرغۇچى ئاسمان

«قۇرئان كەرىم» دە «تارىق» سۈرىسىنىڭ 11-ئايىتىدە ئاسماننىڭ قايتۇرغۇچى ئالاھىدىلىكى مۇنداق تىلغا ئېلىنىدۇ:

﴿قايتۇرۇشچان ئاسمان بىلەن قەسەمكى﴾ («تارىق» سۈرىسى، 11-ئايەت)

قۇرئان تەرجىمىلىرىدە ”قايتۇرۇشچان“ دەپ تەرجىمە قىلىنغان ”رەجى“ سۆزى ”كەينىگە چۆرىگەن ياكى قايتۇرغان“ مەنىسىدە كېلىدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك، دۇنيانى ئورىغان ئاتموسفېرا بەك چوڭ قاتلامدىن تەشكىل تاپىدۇ. ھەر قاتلامنىڭ جانلىقلارغا پايدىلىق مۇھىم بىر ۋەزىپىسى بار. تەھلىل قىلىنغىنىدا، ھەر قاتلامنىڭ ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن ماددا ياكى نۇرلارنى ئالەمگە

www.munber.org

ياكى يەر يۈزىگە قايتۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولغان. بۇ يەردە ئاتموسفىرا قاتلاملىرىنىڭ قايتۇرغۇچى ئالاھىدىلىكىنى بىر قانچە مىسال بىلەن تەھلىل قىلايلى.

مەسىلەن، 13ـ15 كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى ئاتموسفىرا قاتلىمى يەر يۈزىدىن ئۆرلىگەن سۇ ھورلىرىنىڭ زىچلىشىپ يامغۇر بولۇپ يەرگە قايتىشىنى ساقلايدۇ. 25 كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى ستراتوسفىرانىڭ ئاستىنقى قاتلىمى بولغان ئوزونوسفىرا ئالەمدىن كەلگەن رادىئاسىيون ۋە ئۇلترابىنەپشە نۇرلارنى چېچىپ ئۇنىڭ يەر يۈزىگە يېتىپ كەلمەستىنلا ئالەمگە قايتۇرۇلۇشىنى ساقلايدۇ. ئىئونوسفىرا قاتلىمى يەر يۈزىدىن تارقىتىلغان رادىئو دولقۇنلىرىنى بىر سۇنئىي ھەمراھقا ئوخشاش يەر يۈزىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىغا قايتۇرۇپ، سىمسىز تېلېفون، رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە تارقىتىشلىرىنىڭ ئۇزاق مۇساپىلەردىمۇ قوبۇللىنالىشىنى ساقلايدۇ. ماگنېتوسفىرا قاتلىمى بولسا قۇياشتىن ۋە باشقا يۇلتۇزلاردىن تارقالغان زىيانلىق رادىئوئاكتىپ پارچىلارنى يەر يۈزىگە بارغۇزماستىن ئالەمگە قايتۇرىدۇ.

ئاسمان قاتلاملىرىنىڭ تېخى يېقىنقى زاماندا بايقالغان بۇ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئەسىرلەر ئاۋۋال قۇرئاندا بىلدۈرۈلۈشى قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىماقتا.

## يەر قاتلاملىرى

قۇرئاندا يەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلاردىن بىرى يەرنىڭ ئاسمانغا ئوخشاش يەتتە قات ئىكەنلىكىدۇر.

﴿ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى، ئاللاھنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ،

www.munber.org

(سىلەرگە بۇنى بىلدۇرۇشۇم) ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾ («تەلاق» سۈرىسى، 12ـ ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھدە بىرىلگەن بۇ مەلۇماتقا ئىلمىي مەنبەلەردە ئورۇن بىرىلمەكتە ۋە يەرنىڭ يەتتە قاتلامدىن شەكىللەنگەنلىكى چۈشەندۈرۈلمەكتە. ئالىملار رەتكە تۇرغۇزغان بۇ قاتلاملار مۇنداق:

1ـ قات: لىتوسفېرا (سۇ)؛ 2ـ قات: لىتوسفېرا (قۇرۇقلۇق)؛ 3: ئاستېنوسفېرا؛ 4: ئۈست پوستلاق؛ 5: ئاست پوستلاق؛ 6: تاشقى يادرو: 7: ئىچكى يادرو.

پەقەت 20ـ ئەسىردىكى تېخنىكا بىلەن ئېنىقلانغان يەر قاتلاملىرى بىلەن ئاسمانىنىڭ ئوخشاش يەتتە قاتلام ئىكەنلىكىنىڭ قۇرئاندا بىلدۈرۈلۈشى، شەك ـ شۈبھىسىزكى، قۇرئانىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىلمىي مۆجىزىلىرىدىن بىرىدۇر.

www.munber.org

## تاغلارنىڭ ۋەزىپىسى

قۇرئاندا تاغلارنىڭ مۇھىم بىر گېئولوگىيىلىك رولى ئاللاھدە ئېيتىلماقتا:

﴿يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن، بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنى (سەپەردە) كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىۋالسۇن دەپ، تاغلاردا كەڭ يوللارنى ياراتتۇق﴾ («ئەنبىيا» سۈرىسى، 31ـ ئايەت).

دىققەت قىلىنسا، ئايەتتە تاغلارنىڭ يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى ئاللاھدىلىكى بارلىقى خەۋەر بىرىلمەكتە. قۇرئان نازىل بولغان دەۋردە ھېچبىر ئىنسان تەرىپىدىن بىلىنمىگەن بۇ ھەقىقەت ھازىر زامانىۋى گېئولوگىيىلىك بايقاشلار نەتىجىسىدە ئاشكارىلاندى.

بۇرۇندىنلا تاغلار پەقەت يەر يۈزىدىكى ئېگىزلىكلەر دەپ قارىلاتتى. لېكىن ئالىملار تاغلارنىڭ پەقەت تەكشىلىكتىكى ئېگىزلىكلەر ئەمەسلىكىنى، ”تاغ يىلتىزى“ نامى بېرىلگەن قىسىملىرىنىڭ قايسى زامانلاردۇر ئۆز ئېگىزلىكىدىن 10ـ15 ھەسسىگىچە يەر ئاستىغا ئۇدۇل سوزۇلغانلىقىنى بايقىدى. بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تاغلار خۇددى بىر مىقنىڭ ياكى قوزۇقنىڭ چېدىرنى يەرگە چىڭ باغلىشىغا ئوخشاش بىر رولغا ئىگە. مەسىلەن، چوققىسى يەر يۈزىدىن 9 كىلومېتىر ئېگىز بولغان ھىمالايا تېغىنىڭ 125كىلومېتىردىن ئۇزۇن يىلتىزى بار.

يەنە ھازىرمۇ ئامېرىكا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى بولغان فرانك پرېسنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ناھايىتى كۆپ ئۇنىۋېرسىتېتتە دەرسلىك قىلىنىپ ئوقۇتۇلىدىغان «دۇنيا» ناملىق كىتابىدا تاغلارنىڭ قوزۇق شەكلىدە ئىكەنلىكى ۋە يەرگە قېقىلغاندەك تۇرىدىغانلىقى ئىپادىلەنمەكتە.

باشقا قۇرئان ئايەتلىرىدە بولسا تاغلارنىڭ شۇ رولى ”قوزۇق“ قا ئوخشىتىلىپ مۇنداق بىشارەت بېرىلىدۇ:

﴿(زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇقىملىشىشىڭلار ۋە كەڭ تولەڭلىكلەردە زىرائەت تېرىپ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن) زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟ (زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟﴾ («نەبەء» سۈرىسى، 6ـ، 7ـئايەت).

يەنە بىر باشقا ئايەتتە ئاللاھ ﴿تاغلارنى (زېمىندا) مۇقىم قىلدى﴾ («نازىئات» سۈرىسى، 32ـئايەت) دەپ بىلدۈرمەكتە. بۇ ئايەتتە ئۇچرايدىغان ”ئەرسايھا“ سۆزى ”يىلتىزلىق قىلدى، مۇقىم قىلدى، تۆمۈرلىدى، يەرگە قاقتى“ مەنىسىدە كەلمەكتە. بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق تاغلار يەر قاتلاملىرىنىڭ تۇتىشىش نۇقتىلىرىدا يەر يۈزى ۋە يەر ئاستىغا ئۇدۇل سوزۇلۇپ بۇ قاتلاملارنى بىر ـ بىرىگە مىقلايدۇ. موشۇنداق قىلىپ يەر

www.munber.org

پوستىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇنىڭ ماگما قاتلىمى ئۇستىدە ياكى ئۈز قاتلاملىرى ئارىسىدا قېيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قىسقىسى، تاغلارنى تاختايلارنى مۇقىم تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان مىقلارغا ئوخشىتالايمىز.

بۈگۈن بىلىمىزكى، يەرنىڭ تاش جىنسلىق سىرتقى قاتلىمى چۆكۈپ (چوڭقۇر قېيىپ) يېرىلغان ھەمدە ئېرىگەن ماگما ئۇستىدە پارچىلانغان. يەر شارىنىڭ ئۈز ئوقى ئەتراپىدىكى ئايلىنىش تېزلىكى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئەگەر تاغلارنىڭ مۇقىملاشتۇرغۇچى تەسىرى بولمىسا ئۇ پارچىلار ھەرىكەت ھالىتىدە بولاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا يەر يۈزىدە تۇپراق بىرىكەلمەيتتى، تۇپراقتا ھېچ سۇ زاپىسى بولمايتتى، ھېچبىر ئۆسۈملۈك بىخ چىقىرالمايتتى، ھېچبىر يول، ئۆي قۇرۇلۇشى قىلغىلى بولمايتتى؛ قىسقىسى دۇنيادا ھاياتلىق مەۋجۇت بولالمايتتى. مۇشۇ سەۋەب بىلەن تاغلار ئاللاھنىڭ بىر رەھمىتى سۈپىتىدە مىخلارغا ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەپ، قىتئەسىمان يىغىندىلارنى ئوكيان قاتلاملىرىغا ئۇدۇل تۇتاشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى توختىتىدۇ.

كۆرۈلگىنىدەك، تاغلارنىڭ زامانىۋى گېئولوگىيىلىك ۋە يەر تەۋرەش تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە بايقالغان ناھايىتى چوڭ بىر ھاياتىي رولى ئەسىرلەر ئاۋۋال نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم» دە ئاللاھنىڭ يارىتىشىدىكى يۈكسەك ھېكمەتكە بىر ئۆرنەك سۈپىتىدە بېرىلگەن. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿... يەر تەۋرەپ سىلەرنى خاتىرجەمسىز قىلمىسۇن دەپ، يەردە تاغلارنى ئورناتتى...﴾ («لوقمان» سۈرىسى، 10-ئايەت).

## تاغلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى

تاغلارنىڭ كۆرۈنۈشتىكىدەك تۇرغۇن ئەمەسلىكى، داۋاملىق ھەرىكەت ھالىتىدە بولىدىغانلىقى بىرئايەتتە مۇنداق بىلدۈرۈلمەكتە:



www.munber.org

﴿تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ...﴾

تاغلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇلار جايلاشقان يەر پوستىنىڭ ھەرىكىتىدىن كېلىدۇ. يەر پوستى ئۆزىدىن تېخىمۇ زىچ بولغان پوستلاق قاتلىمى ئۈستىدە خۇددى سۇ ئۈزۈۋاتقاندەك ھەرىكەتلىنىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىپ بېرىلغان گېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بايقالغان يەر پوستىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئىلمىي مەنبەلەردە مۇنداق چۈشەندۈرۈلمەكتە:

يەر پوستى ۋە ئۈست پوستلاقتىن تەشكىل تاپقان 100 كىلومېتىر قېلىنلىقتىكى يەر يۈزى "قاتلام" نامى بېرىلگەن پارچىلاردىن شەكىللەنگەن. "قاتلام بىلىمى" نامى بېرىلگەن تىئورمىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قاتلاملار قىتئەلەرنى ۋە ئوكيان تېگىنىمۇ بىللە يۆتكەپ يەر شارىدا ھەرىكەتلىنىدۇ... قىتئەلەر ھەرىكىتىنىڭ يىلدا 1 بىلەن 5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ھېسابلاندى. قاتلاملار بۇ شەكىلدە ھەرىكەتلەنگەنچە دۇنيا جۇغراپىيىسىدە ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئاتلانتىك ئوكيان ھەر يىلى بىر ئاز كېڭەيمەكتە.

بۇ يەردە دىيمەكچى بولغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇ: ئاللاھ ئايەتتە تاغلارنىڭ ھەرىكىتىنى "يۆتكەلمەك، سىلجىماق" دەپ بىلدۈرگەن. دەرۋەقە ئالىملارنىڭ بۈگۈن بۇ ھەرىكەت ئۈچۈن قوللانغان ئىنگلىزچە ئاتالغۇمۇ "Continetal Drift" يەنى "قىتئەلەر يۆتكىلىشى" دۇر.

www.munber.org

# ۋاقىتنىڭ نىسپىيلىكى

ۋاقىتنىڭ نىسبىيلىكى بۈگۈن ئىلمىي بىر ھەقىقەتتۇر. لېكىن بۇ ھەقىقەت ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېينىشتېيىننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ چاغقا قەدەر ئىنسانلار ۋاقىتنىڭ نىسبىي بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى، ماكانغا بېقىپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەمما مەشھۇر ئالىم ئېينىشتېين نىسبىيلىك نەزەرىيىسى ئارقىلىق ۋاقىتنىڭ ھەجىم ۋە تېزلىككە باغلىق بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچكىم بۇ مەسىلىنى ئوچۇق دېيەلمىگەنىدى.

بىرلا ئىستىسنا بار: قۇرئاندا زاماننىڭ نىسپىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ ھەقتىكى ئايەتلەرنى مۇنداق رەتكە تۇرغۇزالايمىز:

﴿... ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر﴾ («ھەج» سۈرىسى، 47ـئايەت).

﴿ئاللاھ ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان(مەخلۇقاتنىڭ)ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىشلار ئۇزۇنلۇقى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلدەك كېلىدىغان بىر كۈندە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ﴾ («سەجدە» سۈرىسى، 5ـئايەت).

﴿پەرىشتىلەر ۋە روھ(يەنى جىبرىئىل) ئاللاھقا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50مىڭ يىل كېلىدۇ﴾ («مائارىج» سۈرىسى، 4ـئايەت).

610ـيىلدا نازىل قىلىنىشقا باشلىغان قۇرئاندا ۋاقىتنىڭ نىسپىيلىكىنىڭ مۇنداق ئوچۇق بىر شەكىلدە بايان قىلىنىشى ئۇنىڭ ئىلاھىي بىر كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلىدۇر.

www.munber.org

# يارتىلىشتىكى جۈپلۈكلەر

﴿ئاللاھ (يۇتۇن ئەيىب-نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىققىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار) نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار﴾ («ياسىن» سۈرىسى، 36-ئايەت).

ئەركەك - چىشىلىق "جۈپلۈك" ئۇقۇمىنىڭ بىر تەكىتشى بولۇش بىلەن بىرگە، ئايەتتە دېيىلگەن "ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر" سۆزى تېخىمۇ كەڭ چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. ھەقىقەتەن بىز بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئايەت بېشارەت بەرگەن چۈشەنچىلەردىن بىرىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. ماددىنىڭ جۈپلەر ھالىتىدە يارىتىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىنگلىز ئالىمى پائۇل دىراچ 1933-يىلى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. "پارىتە" نامى بېرىلگەن بۇ بايقاش ماددىنىڭ ئاتى (قارشى)- ماددا دېيىلىدىغان بىر جۈپتى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئانتىماددا ماددىنىڭ ئەكسى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. مەسىلەن، ماددىنىڭ ئەكسىچە ئانتىماددىنىڭ ئېلېكترونلىرى مۇسبەت، پروتونلىرى مەنفىدۇر. بۇ ئەمەلىيەت بىر ئىلمىي ماتېرىيالدا مۇنداق ئىپادىلەنمەكتە:

"ھەر بىر كىچىك پارچىنىڭ زىت ھالدا بىر ئانتى پارچىسى بار. (ئۇلارنىڭ) تەرتىپسىزلىك مۇناسىۋىتى بىزگە بۇ جۈپلەرنىڭ بار بولۇشى ۋە يوق بولۇشىنىڭ ھەر يەردە، ھەر چاغدا ئوخشاش ۋاقىتتا شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە".

يارتىلىشتىكى جۈپلۈكلەرگە يەنە بىر ئۆرنەك — ئۆسۈملۈكلەردۇر. بوتانىكچىلار ئۆسۈملۈكلەردە جىنس ئايرىمىسىنىڭ بارلىقىنى پەقەت 100 يىل ئاۋۋال بايقىيالىدى. ھالبۇكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جۈپلۈكلەر ھالىتىدە

www.munber.org

يارىتىلغانلىقى «قۇرئان كەرىم» دە 1400 يىل ئىلگىرى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئوچۇق بىلدۈرۈلگەن:

﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتىكى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، يەر تەۋرەپ سىلەرنى خاتىرجەم قىلمىسۇن دەپ، يەردە تاغلارنى ئورناتتى، زېمىندا تۈرلۈك جانىدارلارنى تاراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق﴾ («لوقمان» سۈرىسى، 10-ئايەت).

﴿ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەردى، سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى ئېچىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى﴾ («تاھا» سۈرىسى، 53-ئايەت).

## بۇلۇتلارنىڭ ئېغىرلىقى

بۇلۇتلارنىڭ ئېغىرلىق مىقتارى ناھايىتى ھەيران قالارلىق رەقەملەرگە يېتىدۇ. مەسىلەن، شۇۋىرغانلىق توپ بۇلۇتتا 300 مىڭ توننا ئېغىرلىقتا يېتىدىغان سۇ يىغىلىدۇ.

ئاسماندا 300 مىڭ توننىلىق بىر دۆۋە نەرسە تۇرالايدىغان بىر جازىنىڭ "قۇرۇلۇشى" ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق بىر ئەھۋالدۇر. قۇرئاندىكى يەنە بەزى ئايەتلەردە بۇلۇتلارنىڭ ئېغىرلىقى شۇنداق بايان قىلىنماقتا:

﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، ئاللاھ بىشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ، شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ ياتقان گىياسىز) جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك-تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز، ئىبرەت



www.munber.org

ئىلىشىڭلار ئۈچۈن(زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز﴾ («ئەئراف» سۈرىسى، 57ـئايەت).

﴿ئاللاھ (چاقماقتىن) قورقۇتۇش، (يامغۇرغا) ئۈمىد تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرگە چاقماقنى كۆرسىتىدۇ، (قۇدرىتى بىلەن) قويۇق بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدۇ﴾ («رەئد» سۈرىسى، 12ـئايەت).

ئەلۋەتتە، قۇرئان نازىل قىلىنغان دەۋردە ئىنسانلارنىڭ بۇلۇتلارنىڭ ئېغىرلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىمگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ۋە يېقىنقى زامانلاردا تېپىلغان بۇ بىلىم قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتىدۇر.

## يامغۇرنىڭ شەكىللىنىشى

يامغۇرنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقى ئىنسانلارغا ئۇزۇن ۋاقىت بىر سىر ئىدى. پەقەت ھاۋا رادارلىرى كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن يامغۇرنىڭ قايسى باسقۇچلاردىن ئۆتۈپ شەكىللىنىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا يامغۇر ئۈچ باسقۇچتىن ئۆتۈپ شەكىللىنىدۇ: ئاۋۋال شامال ۋاستىسى بىلەن يامغۇرنىڭ "خۇرۇچى" ھاۋاغا ئايلىنىدۇ. ئارقىدىن بۇلۇتلار مەيدانغا كېلىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا يامغۇر تامچىلىرى پەيدا بولىدۇ.

قۇرئاندا يامغۇرنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلاردا بولسا، دەل ئاشۇ جەريانلار سۆزلەنمەكتە. بىر ئايەتتە بۇ شەكىللىنىش ھەققىدە مۇنداق بىر مەلۇمات بېرىلگەن:

﴿ئاللاھ شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا



www.munber.org

خالىغىنى بويىچە تارقىتىدۇ، (گاھى) ئۇنى تارقاق پارچىلارغا بۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئاللاھ يامغۇرنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغان چاغدا، ئۇلار دەرھال خۇشال بولۇپ كېتىدۇ﴾ («رۇم» سۈرىسى، 48-ئايەت).

1. ئەمدى ئايەتتە دېيىلگەن ئۈچ باسقۇچنى ئىلمىي تەھلىل قىلايلى:

باسقۇچ: ئاللاھ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ...

ئوكيانلاردىكى بۇژغۇنلاشتىن شەكىللەنگەن بىھېساب ھاۋا كۆپۈكلىرى ئۇزلۇكسىز پەيدا بولىدۇ ۋە سۇ زەررىچىلىرى داۋاملىق ھاۋاغا ئۆرلەيدۇ. تۇزغا باي بۇ زەررىچىلەر بىر ئازدىن كېيىن شامالدا يۆتكىلىدۇ ۋە ئاتموسفېرادا ئۇدۇل يۇقىرىلاپ ماڭىدۇ. "ئائېروسول" نامى بېرىلگەن بۇ ئۇششاق پارچىلار "سۇ تۇزىقى" نامى بېرىلگەن بىر مېخانىزىم ئارقىلىق يەنە دېڭىزلاردىن ئۆرلىگەن سۇ ھورلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا كىچىك تامچىلار ھالىتىدە توپلاپ بۇلۇت تامچىلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

2. ئاندىن ئۇنى (بۇلۇتنى) ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدۇ، (گاھى) ئۇنى تارقاق پارچىلارغا بۆلىدۇ...

2. تۇز كىرىستاللىرىنىڭ ياكى ھاۋادىكى توزان زەررىچىلىرىنىڭ ئەتراپىدا زىچلاشقان ھورلار ئارقىلىق بۇلۇتلار شەكىللىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى سۇ تامچىلىرى ناھايىتى كىچىك (0.01 بىلەن 0.02 مىللىمېتىر چامىسىدا) بولغاچقا ھاۋادا ئېسىقلىق قالىدۇ ھەم ئاسمانغا يېيىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاسمان بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىدۇ.

3. شۇنىڭ بىلەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن...

تۇز كىرىستاللىرىنىڭ ۋە توزان زەررىچىلىرىنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان

www.munber.org

ئۇششاق سۇلار خىلىلا كۆپىيىپ يامغۇر تامچىلىرىنى شەكىللەندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھاۋادىن تېخىمۇ ئېغىر بىر ھالغا كەلگەن تامچىلار بۇلۇتتىن ئايرىلىپ يامغۇر بولۇپ يەرگە چۈشۈشكە باشلايدۇ.

كۆرۈلگىنىدەك، يامغۇرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ھەر بىر باسقۇچ قۇرئان ئايەتلىرىدە بىلدۈرۈلمەكتە. يەنە كېلىپ بۇ باسقۇچلار توغرا رەت تەرتىپى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. دۇنيادىكى نۇرغۇن تەبىئىي ھادىسىلەرنى شەرھلىگىنىدەك، بۇنىمۇ ئاللاھ تائالا ئەڭ توغرا شەرھلىمەكتە. يەنە كېلىپ بۇ چۈشەنچىلەر بۇنىڭ بايقىلىشىدىن ئەسىرلەر ئاۋۋال قۇرئاندا ئىنسانلارغا بىلدۈرۈلگەن.

## رىئاكسىيەلەشتۈرگۈچى شاماللار

قۇرئاننىڭ بىر ئايىتىدە شامالنىڭ كاتالىزاتورلۇق خۇسۇسىيىتى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە يامغۇرنىڭ شەكىللەنگەنلىكى مۇنداق تىلغا ئېلىنماقتا.

﴿بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق، بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق...﴾ («ھىجر» سۈرىسى، 22-ئايەت).

ئايەتتە يامغۇرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تۇنجى باسقۇچنىڭ شاماللار ئىكەنلىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنماقتا. ھالبۇكى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شامال بىلەن يامغۇرنىڭ پەقەت ئارىسىدىكى بىردىنبىر مۇناسىۋەت شامالنىڭ بۇلۇتلارنى يۆتكىشى دەپ بىلىنەتتى. زامانىۋى مېتېئورولوگىيىلىك بايقاشلار بولسا شامالنىڭ يامغۇرنىڭ شەكىللىنىشىدە "رىئاكسىيەلەشتۈرگۈچى" رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

شامالنىڭ بۇ رىئاكسىيەلەشتۈرگۈچى خۇسۇسىيىتى بايا دېگىنىمىزدەك مۇنداق ئەمەلىيلىشىدۇ: ئوكيانلارنىڭ ۋە دېڭىزلارنىڭ ئۈستىدە بۇژغۇنلاش



www.munber.org

سەۋەبىدىن ھەر ۋاقىت بىھېساپ ھاۋا كۆپۈكلىرى شەكىللىنىدۇ. بۇ كۆپۈكلەر چاچرىغاندا مىللىمېتىرنىڭ 100دىن بىرى چامىسىدىكى مىكلارچە ئۇششاق پارچىلىرىنى ھاۋاغا ئۇچۇرىدۇ. "ئائېروسول" نامى بېرىلگەن بۇ ئۇششاق پارچىلار شاماللار ئارقىلىق قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن چاڭ-توزانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئاتموسفېرانىڭ ئۈستى قاتلاملىرىغا يۆتكىلىدۇ. شاماللار ئېگىزلىككە ئاشۇنداق يۆتكىگەن ئۇششاق پارچىلار ئۇ يەردە ھورلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھورلارمۇ ئۇ ئۇششاق پارچىلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ قويۇقلىشىدۇ ۋە سۇ تامچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. بۇ سۇ تامچىلىرى ئاۋۋال بىر يەرگە كېلىپ بۇلۇتلارنى شەكىللەندۈرىدۇ، بىر ئازدىن كېيىن يامغۇر بولۇپ يەرگە چۈشىدۇ. كۆرۈلگىنىدەك، شاماللار ھاۋادا ئەركىن يۈرگەن ھورلارنى دېڭىزدىن يۆتكىگەن ئۇششاق پارچىلار بىلەن رېئاكسىيەلەشتۈرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق يامغۇر بۇلۇتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى ساقلايدۇ.

ئەگەر شاماللارنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى بولمىسا يۇكسەك ئاتموسفېرادىكى سۇ تامچىلىرى ھېچ ۋاقىتتا شەكىللەنمەيتتى ۋە يامغۇر دېگەن بىر نەرسىمۇ بولمايتتى.

بۇ يەردە مۇھىم بولغان نۇقتا شاماللارنىڭ يامغۇرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى بۇ جاپالىق ۋەزىپىسىنىڭ ئەسىرلەر ئاۋۋال، ئىنسانلار تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدىغان بىر دەۋردە قۇرئاندا بىلدۈرۈلۈشىدۇر.

## تۇپراقنىڭ جانلىنىپ كۆپۈشى

﴿...سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق، ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇندۇرۇپ بېرىدۇ﴾ («ھەج» سۈرىسى، 5-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە "جانلىنىدۇ" دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆزنىڭ

www.munber.org

ئەرەبچىسى ”ئىهتەززەت“ تۇر ۋە بۇ سۆز ”هەرىكەتكە ئۆتىدۇ، جانلىنىدۇ، تىترەيدۇ، تىپىرلايدۇ، قىمىرلايدۇ، ئۆسۈملۈكنىڭ هەرىكەتكە ئۆتۈشى ۋە ئۇزىرىشى“ مەنىلىرىدە كېلىدۇ. ”كۆپۈشىدۇ“دەپ تەرجىمە قىلىنغان ”رەبەت“ سۆزى بولسا ”كۆپىيىدۇ، جىقلايدۇ، كۆپىدۇ، يوغىنايدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆسۈملۈكنىڭ ئېگىزلىشى، ئۇزۇقلۇق ساقلىشى، چوڭلىماق، ئىچى هاۋاغا تولماق“ مەنىلىرىدە كېلىدۇ. ئايەتتە ئۇچرايدىغان بۇ سۆزلەر يامغۇر ئەسناسىدا تۇپراقنىڭ مالىكۇللار تۇزۇلۇشىدىكى ئۆزگىرىشلىرىنى ئەڭ ئۇيغۇن سۆزلەر بىلەن تەرىپلىمەكتە.

1827-يىلىدا بىروۋن ئىسىملىك بىر ئىنگلىز ئالىم يامغۇر تامچىلىرى تۇپراققا چۈشكەندە تۇپراق مالىكۇللىرىدا بىر خىل سىلكىنىش ۋە جانلىنىش پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان. تۇپراق پەرقلىق مېتال ئېلېمېنت تۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هەر خىل مالىكۇللارنى ئۆزىگە سىغدۇرىدۇ. يامغۇر تۇپراقنىڭ قېتىدىكى مېتال ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئىئونلىشىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. (ئىئون مۇسبەت ياكى مەنفىي ئېلېكترلىك ئاتوملارغا بېرىلگەن ئورتاق نامدۇر. ئىئونلىششىش بىتەرەپ ئاتوملارغا، مالىكۇللارغا ۋە باشقا ئىئونلارغا ئېلېكتروننىڭ قوشۇلۇشى ياكى كېمەيتىلىشى يولى بىلەن شەكىللىنىدۇ.)

يامغۇر ياققاندا مانا بۇ ئىئونىك مالىكۇللار تەۋرىنىپ جانلىنىدۇ. هەر تەرەپتىن كەلگەن سۇ تامچىلىرى بۇ مالىكۇللارغا سوقۇلغاندا ئۇلارمۇ سۇنى سۈمۈرۈۋالىدۇ ۋە مۇشۇنداق قىلىپ مىقتارى كۆپىيىدۇ. بۇ تامچىلار سۇغا تويغاندا تۇپراق قېتىدىكى سۇنىڭ مىنېرال ئامبىرىغا ئايلىنىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر سۇ ئېهتىياجلىرىنى ئىككى-ئۈچ ئاي ئۇچۇن بۇ ئامباردىن ئالىدۇ. ئەگەر بۇ ئامبارلار شەكىللەنمىسە ئىدى، سۇ تۇپراق چوڭقۇرلۇقلىرىغا سىڭىپ كېتىپ، ئۆسۈملۈكلەر بىر هەپتە ئىچىدە ئۆلەتتى.

www.munber.org

# دېڭىزلارنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلاشماسلىقى

دېڭىزنىڭ تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن يېقىندا ئېنىقلانغان بىر ئالاھىدىلىكى قۇرئاننىڭ «رەھمان» سۈرىسىدە مۇنداق بىلدۈرۈلىدۇ:

﴿ئۇ ئىككى دېڭىزنى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ﴾ («رەھمان» سۈرىسى، 19-، 20-ئايەت).

بىر-بىرىگە ئېچىلغان، لېكىن سۈلىرى بىر-بىرىگە قەتئىي قوشۇلمايدىغان دېڭىزلارنىڭ ئايەتتە بىلدۈرۈلگەن بۇ ئالاھىدىلىكى ئوكيان ئالىملىرى تەرىپىدىن يېقىنقى مەزگىللەردىلا بايقالدى. ”تەكشى يۈزلۈك قارشىلىق كۈچى“ نامى بېرىلگەن فىزىكىلىق بىر كۈچ سەۋەبىدىن قوشنا دېڭىزلار سۈلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى مەيدانغا كېلىدۇ. دېڭىزلارنىڭ پەرقلىق زىچلىقلىرىدىن كېلىدىغان تەكشى يۈزلۈك قارشىلىق كۈچى سۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىشىنى خۇددى بىر تامدەك توسۇپ تۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئىنسانلارنىڭ فىزىكىدىن، تەكشى يۈزلۈك قارشىلىق كۈچىدىن، ئوكيان بىلىملىرىدىن خەۋىرى بولمىغان بىر دەۋردە بۇ ئەمەلىيەتنىڭ قۇرئاندا بىلدۈرۈلۈشى ئاجايىپ قىزىقارلىق بىر ئەھۋالدۇر.

# ئىنساننىڭ توغۇلۇشى

قۇرئاندا ئىنسانلار ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىلغاندا ھەر تۈرلۈك تېمىلار سۆزلىنىدۇ. ئاللاھ بەزىدە ئاسمانلارنى، بەزىدە يەر يۈزىنى، بەزەن ھايۋانلارنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئىنسانغا دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. يەنە نۇرغۇن ئايەتتە ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ بىۋاستە يارىتىلىشىغا بىر قاراپ بېقىشى نەسىھەت

قىلىنىدۇ. ئىنساننىڭ دۇنياغا قانداق كەلگەنلىكى، قايسى باسقۇچلاردىن ئۆتكەنلىكى ۋە ئاساسىي ماددىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى پات-پات ئەسلىتىلىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئايەتلەردە شۇنداق دېيىلمەكتە:

﴿(ئىنسانلار!) سىلەرنى بىز ياراتتۇق، سىلەر قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمەمسىلەر؟ سىلەر (ئاياللارنىڭ بەچچىدانىغا) تۆكۈلگەن مەنىينى دەپ بىقىڭلارچۇ؟ ئۇنى سىلەر (ئىنسان قىلىپ) يارىتامسىلەر؟ ياكى بىز (ئىنسان قىلىپ) يارىتامدۇق؟﴾ (‹‹ۋاقىئە›› سۈرىسى، 57 ــ 59-ئايەت).

ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى مۆجىزىلىك تەرەپلەر يەنە نۇرغۇن ئايەتتە ئالاھىدە بايان قىلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئالاھىدە بايانلار ئارىسىدا شۇنداق مەلۇماتلار باركى، بۇلار 7-ئەسىردە ياشىغان ئىنسانلار ئەسلا بىلمەيدىغان ئىنچىكە تەرەپلەردۇر. مانا بۇلاردىن بەزىلىرى:

1) ئىنسان مەنىي سۇيۇقلۇقىنىڭ ھەممىسىدىن ئەمەس، ئەكسىچە ناھايىتى كىچىك بىر پارچىسىدىن (ئۇرۇقتىن) يارىتىلىدۇ.

2) بوۋاقنىڭ جىنسىنى ئەر كىشى بەلگىلەيدۇ.

3) ئىنسان ھامىلىسى ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا خۇددى بىر سۈلۈكتەك چاپلىشىدۇ.

4) ئىنسان ئانا بالىياتقۇسىدا ئۈچ قاراڭغۇ بۆلەكتە تەرەققىي قىلىدۇ.

يۇقىرىدا رەتكە تۇرغۇزۇلغان بىلىملەر قۇرئان نازىل قىلىنغان دەۋردە بىلىنىشى مۇمكىن بولمىغان ۋە كۆزىتىلەلمەيدىغان ئىنچىكە تەرەپلەردۇر. بۇلارنىڭ بايقىلىشى پەقەت 20-ئەسىر تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن مۇمكىن بولدى.

ئەمدى بۇ بىلىملەرنى رەت تەرتىپى بويىچە تەھلىل قىلايلى:

www.munber.org

## مەنىيدىن بىر تامچە

ئۇرۇقلار تۇخۇمغا ئۇلاشقىچە ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر جەرياننى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇ جەرياندا 250 مىليون ئۇرۇقتىن پەقەت مىڭدەك ئۇرۇق تۇخۇمغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇلىشالايدۇ. بەش منۇتتىن كېيىن ئاخىرلىشىدىغان بۇ رىقابەت نەتىجىسىدە يېرىم تۇز دانىسى چوڭلۇقىدىكى تۇخۇم ئۇرۇقتىن پەقەت بىرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. يەنى ئىنساننىڭ ئۆزى مەنىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، ئۇنىڭدىن كىچىك بىر پارچىدۇر. قۇرئاندا بۇ ھەقىقەت «قىيامەت» سۈرىسىدىكى ئايەتلەردە مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن:

﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانلارغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇ (بەچچىدانلارغا) تۆكۈلىدىغان بىر (ئاجىز مەنىي) ئەمەسمىدى؟﴾ («قىيامەت» سۈرىسى، 36ـ، 37ـئايەت).

دىققەت قىلىنسا، قۇرئاندا ئىنساننىڭ مەنىنىڭ ھەممىسىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئېلىنغان كىچىك بىر پارچىدىن شەكىللەنگەنلىكى خەۋەر بېرىلمەكتە. بۇ ئايەتتىكى ئالاھىدە باياننىڭ پەقەت زامانىۋى ئالىملار تەرىپىدىن بايقالغان بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈشى قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

## مەنىيدىكى تەركىپ

مەنىي دېيىلىدىغان، ئۇرۇقلارنى پەرۋىش قىلىدىغان ھەم توشۇيدىغان سۇيۇقلۇق پەقەت ئۇرۇقتىنلا ئەمەس، بەلكى بىرى-بىرىدىن پەرقلىق

www.munber.org

ســويۇقلۇقلارنىڭ ئاربلاشمىــسىدىن شــەكىللىنىدۇ. بــۇ ســۇيۇقلۇقلارنىڭ ئۇرۇقلارغا كىرەلەيدىغان ئىنىرگىيىسىنى تەمىنلەيدىغان شىكەرنى ھازىرلاش، بەز (يەنى بەدەندىن ئاجرىتىلغــان ســويۇقلۇق) ئالاھــىدىلىكى بــىلەن بالىياتقۇ ئىچىدىكى كىسلاتالىق تەركىبلەرنى بىتەرەپ قىلىش (يەنى كىسلاتالىق ياكى ئىشقارلىق تەسىرى بولمىغان ھالغا كەلتۈرۈش ـــت)، ئۇرۇق ھەرىكەت قىلىدىغان سىلىق (ئېقىشچان) مۇھىت يارىتىش قاتارلىق ۋەزىپىلىرى بار.

قۇرئاندا مەنى ھەققىدە سۆزلەنگەندە زامانىۋى بىلىم ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئەمەلىيەتمۇ بىشارەت بېرىلمەكتە، شۇنداقلا مەنى ئارىلاشما بىر سۇيۇقلۇق سۈپىتىدە تەرىپلەنمەكتە:

﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسانىي ئارىلاشما مەنىي (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىيسى) دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق﴾ («ئىنسان» سۈرىسى، 2ـ ئايەت).

باشقا ئايەتلەردىمۇ يەنە مەنىنىڭ ئارىلاشما ئىكەنلىكىگە بىشارەت بېرىلىدۇ، ئىنساننىڭ بۇ ئارىلاشمىنىڭ ئۆزىدىن يارىتىلغانلىقى ئالاھىدە ئېيتىلىدۇ:

﴿ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمەتكە مۇۋاپىق، جايىدا) ياراتتى. دەسلەپتە ئىنسانى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنىي) دىن ياراتتى﴾ («سەجدە» سۈرىسى، 7ـ، 8ـ ئايەت).

بۇ يەردە ”جەۋھەر“ دەپ تەرجىمە قىلىنغان ئەرەبچە ”سۇلالە“ سۆزى جەۋھەر ياكى بىر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشى قىسمى دېگەنلىكتۇر. قانداق شەكىلدە ئېلىنسا ئېلىنسۇن، ”بىر پۈتۈننىڭ بىر قىسمى“ مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ



www.munber.org

ئەھۋال قۇرئاننىڭ ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىنى ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلەرگىچە بىلىدىغان ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسەتمەكتە.

# بوۋاقنىڭ جىنسى

يېقىن بىر زامانلارغىچە ئىنسانلار بالىنىڭ جىنسى ئانا ھۈجەيرىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دەپ قارايتتى؛ ياكى ھېچ بولمىغاندا ئانا ۋە ئاتىدىن كەلگەن ھۈجەيرىلەر بىرلىكتە جىنس ئايرىمىسىنى بەلگىلەيدۇ دەپ ئويلايتتى. لېكىن قۇرئاندا بۇ ھەقتە باشقىچە بىر مەلۇمات بېرىلگەن، ئەركەك ۋە چىشىلىكنىڭ "بالىياتقۇغا تۆكۈلگەن مەنىدىن" يارىتىلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن:

﴿ئاللاھ بىر جۈپنى ــ ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى. ئېتىلىپ چىققان مەنىدىن (ياراتتى)﴾ («نەجم» سۈرىسى، 45ـ، 46ـئايەت).

﴿ئۇ (بەچچىدانلارغا) تۆكۈلىدىغان (ئاجىز مەنى) ئەمەسمىدى؟ ئاندىن ئۇ لەختە قان (ھامىلە) بولدى، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى. ئۇ مەنىدىن ئەر-ئايال (ئىككى تىپنى) ياراتتى﴾ («قىيامەت» سۈرىسى، 37 ــ 39ـئايەت).

قۇرئاندا بېرىلگەن بۇ مەلۇماتنىڭ توغرىلىقى گېن ۋە مىكروبىئولوگىيىلىك بىلىملەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىرلىكتە ئىلمىي ھالدا ئىسپاتلاندى. جىنسنىڭ پۈتۈنلەي ئەردىن كەلگەن ئۇرۇق ھۈجەيرىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقى، ئايالنىڭ بولسا بۇ ئىشتا ھېچبىر رولىنىڭ بولمايدىغانلىقى ئايان بولدى.

جىنسنى بەلگىلەيدىغان ئامىل خروموسوملاردۇر. ئىنسانىنىڭ تۈزۈلۈشىنى بەلگىلەيدىغان 46 خروموسومدىن ئىككى دانىسى "جىنس خروموسومى" دەپ

www.munber.org

ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى خروموسوم ئەردە XY، ئايالدا بولسا XX دەپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى خروموسوملارنىڭ بۇ ئىككى ھەرپكە ئوخشىغانلىقىدۇر. Y خروموسوم ئەرلىك، X خروموسوم بولسا ئاياللىق گېنلىرىنى توشۇيدۇ.

بىر ئىنساننىڭ شەكىللىنىشى ئەر ۋە ئايالدا جۈپ ھالدا ئورۇن ئالغان بۇ خروموسوملارنىڭ بىرەر دانىسىنىڭ بىرلەشمىسى بىلەن باشلىنىدۇ. ئايالدا تۇخۇملاش جەريانىدا ئىككىگە ئايرىلغان جىنس ھۇجەيرىسىنىڭ ھەر ئىككى پارچىسى X خروموسومى توشۇيدۇ. ھالبۇكى ئەردە ئىككىگە ئايرىلغان جىنس ھۇجەيرىسى X ۋە Y خروموسوملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى پەرقلىق ئۇرۇقنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئايالدىكى X خروموسومى ئەگەر ئەردىكى X خروموسومىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇرۇق بىلەن بىرلەشسە، تۇغۇلىدىغان بالا قىز بولىدۇ. ئەگەر Y خروموسومىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇرۇق بىلەن بىرلەشسە، بۇ قېتىم تۇغۇلىدىغان بالا ئوغۇل بولىدۇ.

يەنى تۇغۇلىدىغان بالىنىڭ جىنسى ئەردىكى خروموسوملاردىن قايسىسىنىڭ ئايالنىڭ تۇخۇمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدىغانلىقىغا باغلىق.

شۈبھىسىزكى، گېن ئىلمى مەيدانغا كەلگەنگە قەدەر، يەنى 20-ئەسىرگىچە بۇلارنىڭ ھېچبىرى مەلۇم ئەمەس ئىدى. بەلكى نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەتلەردە تۇغۇلىدىغان بالىنىڭ جىنسىنىڭ ئايالنىڭ بەدىنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىق قارىشى كەڭ تارقالغانىدى. شۇڭا ھەتتا قىز تۇغقان ئاياللار ئەيىپلىنەتتى.

ھالبۇكى قۇرئاندا گېنلارنىڭ بايقىلىشىدىن 14 ئەسىر ئاۋۋال ئىنسانلارغا بۇ باتىل قاراشلارنى ئىنكار قىلىدىغان بىر بىلىم بېرىلگەن، جىنس ئايرىمىسىنىڭ يىلتىزى ئايالدا ئەمەس، ئەردىن كېلىدىغان مەنىدە ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

www.munber.org

## بالياتقۇغا ئېسىلىپ تۇرىدىغان" ئەلەق"

قۇرئانىنىڭ ئىنسانىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە بەرگەن بىلىملىرىنى داۋاملىق تەھلىل قىلغىنىمىزدا يەنە ناھايىتى مۇھىم بەزى ئىلمىي مۆجىزىلەر بىلەن ئۇچرىشىمىز.

ئەردىن كەلگەن ئۇرۇق ۋە ئايالدىكى تۇخۇم بىرلەشكەندە تۇغۇلىدىغان بوۋاقنىڭ تۇنجى ۋۇجۇدىمۇ شەكىللىنىپ بولىدۇ. بىئولوگىيىدە"زىگوت" (ھامىلە) دەپ چۈشەندۈرۈلىدىغان بۇ يەككە ھۈجەيرە ھېچبىر زامان ئۆلمەي، بۆلۈنۈپ كۆپىيىدۇ ۋە بارا-بارا كىچىك بىر "گۆش پارچىسى" ھالىتىگە كېلىدۇ.

لېكىن زىگوتنىڭ بۇ چوڭىيىشى بوشلۇقتا ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بالىياتقۇ دىۋارىغا ئېسىلىپ تۇرىدۇ، ئۆسۈش ئارقىلىق تۇپراققا ئورناشقان يىلتىزلارغا ئوخشاش يېپىشىپ تۇرىدۇ. بۇ باغ ئارقىلىق ھامىلە ئۆزىنىڭ چوڭىيىشى ئۈچۈن ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ماددىلارنى ئالىدۇ.

مانا بۇ يەردە قۇرئانىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر مۆجىزىسى كۆرۈلمەكتە. ئاللاھ قۇرئاندا، ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا تۇتىشىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان زىگوت ھەققىدە سۆزلىگەندە" ئەلەق" سۆزىنى قوللانماقتا.

﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنسانى ئەلەق (لەختە قان) دىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر﴾ («ئەلەق» سۈرىسى، 1 ــ 3-ئايەت). "ئەلەق" سۆزىنىڭ ئەرەبچىدىكى مەنىسى "بىر يەرگە ئېسىلىپ تۇرىدىغان نەرسە" دېگەنلىكتۇر.

www.munber.org

# سۆڭەكلەرنىڭ مۇسكۇل بىلەن قاپلىنىشى

ئىنسانىنىڭ ئانا بالىياتقۇسىدىكى شەكىللىنىش باسقۇچلىرى قۇرئان ئايەتلىرىدە بېرىلگەن يەنە بىر مۇھىم مەلۇماتتۇر. ئايەتلەردە بالىياتقۇدا ئاۋۋال سۆڭەكلەرنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقى، ئاندىن مۇسكۇللار پەيدا بولۇپ بۇ سۆڭەكلەرنى قاپلايدىغانلىقى مۇنداق خەۋەر بېرىلمەكتە:

﴿ئاندىن ئابىمەنىنى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قانىنى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن ئۇلۇغدۇر)﴾ («مۆئمىنۇن» سۈرىسى، 14-ئايەت).

بالىنىڭ بالىياتقۇدىكى تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم ھامىلىشۇناسلىق دېيىلىدۇ. ھامىلىشۇناسلىق ساھەسىدە يېقىنقى زامانلارغىچە سۆڭەكلەر بىلەن مۇسكۇللار بىللە مەيدانغا كېلىپ تەرەققىي قىلىدۇ دەپ قارالغان. پەقەت راۋاجلانغان تېخنىكا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان، تېخىمۇ ئىلغار مىكروسكوپ بىلەن قىلىنغان ئانالىزلار قۇرئاندا بىلدۈرۈلگەنلەرنىڭ تولۇق توغرا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ ئىنچىكە ئانالىزلار بالىياتقۇدا دەل ئايەتلەردە تەرىپلەنگىنىدەك بىر تەرەققىياتنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئاۋۋال ھامىلىدىكى كۆمۈرچەك توقۇلمىسى سۆڭەكلىشىدۇ. ئاندىن مۇسكۇل ھۈجەيرىلىرى سۆڭەكلەرنىڭ ئەتراپىدىكى توقۇلمىدىن تاللىنىپ بىر يەرگە كېلىدۇ ۋە بۇ سۆڭەكلەرنى قاپلايدۇ.

بۇ ئەھۋال Developing Human (تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنسان) ناملىق بىر ئىلمىي دوكلاتتا مۇنداق دېيىلمەكتە:



www.munber.org

”6-ھەپتىدە كۆمۈرچەكلىشىشنىڭ داۋامى سۆپتىدە تۈنجى سۆڭەكلىشىش كىچىك كۆۋرۈكسىمان سۆڭەكتە مەيدانغا كېلىدۇ؛ 7-ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ئۇزۇن سۆڭەكلەردىمۇ سۆڭەكلىشىش باشلىنىدۇ. سۆڭەكلەر داۋاملىق شەكىللىنىۋاتقاندا مۇسكۇل ھۈجەيرىلىرى سۆڭەكنى ئورىغان توقۇلمىدىن تاللىنىپ مۇسكۇل يىغىندىسىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. مۇسكۇل توقۇلمىسى بۇ شەكىلدە سۆڭەك ئەتراپىدا ئالدى ۋە ئارقا مۇسكۇل گۇرۇپپىلىرىغا ئايرىلىدۇ“.

قىسقىسى، ئىنساننىڭ قۇرئاندا تەرىپلەنگەن شەكىللىنىش باسقۇچلىرى زامانىۋى ھامىلىشۇناسلىق بايقاشلىرى بىلەن دەل ماس كېلىدۇ.

## بوۋاقنىڭ بالىياتقۇدىكى ئۈچ قاراڭغۇلۇق باسقۇچى

قۇرئاندا ئىنساننىڭ ئانا بالىياتقۇسىدا ئۈچ باسقۇچلۇق بىر يارىتىلىش بىلەن يارىتىلغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە:

﴿... ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنىي، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ)، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە يارىتىدۇ، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشالىق ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. قانداقمۇ (ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن ئۇنىڭدىن غەيرىيگە چوقۇنۇشقا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟﴾ («زۇمەر» سۈرىسى، 6-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ”ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە“ دەپ تەرجىمە قىلىنغان ئەرەبچە ”فى زۇلۇماتىن سەلاسىن“ ئىبادىسى ھامىلىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ھامىلە تۇرىدىغان ئۈچ قاراڭغۇلۇق بۆلۈمنى كۆرسەتمەكتە. بۇ بۆلۈم رەت

www.munber.org

تەرتىپى بويىچە: 1) قورساق قاراڭغۇلۇقى؛ 2) بالياتقۇ قاراڭغۇلۇقى؛ 3) هاملە قېپى قاراڭغۇلۇقىدۇر.

كۆرۈلگىنىدەك، بۈگۈن زامانىۋى بىئولوگىيە بوۋاقنىڭ هاملە تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتتە بىلدۈرۈلگەن شەكىلدە، ئۈچ پەرقلىق قاراڭغۇلۇق بۆلۈمدە ئەمەلىيلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا هاملىشۇناسلىق ساھەسىدىكى تەرەققىياتلار بۇ بۆلۈملەرنىڭ ئۈچ قاتلامدىن شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. قورساق تېمى ئۈچ قەۋەتتىن شەكىللىنىدۇ: سىرتقى مۇسكۇل قەۋىتى، ئىچ مۇسكۇل قەۋىتى، چاپراس مۇسكۇللار.

بالياتقۇ تېمىمۇ ئوخشاشلا ئۈچ قەۋەتتىن تۈزۈلىدۇ: ئېپىمېترىئۇم، مىيومېترىئۇم ۋە ئېندومېترىئۇم.

هاملىنى ئورىغان بالياتقۇ قېپىمۇ ئوخشاشلا ئۈچ قەۋەتتىن تۈزۈلىدۇ. ئامنىيون (بالياتقۇدا ئۈچ ئايلىقتىن كېيىنكى هاملىنى ئورىغان ئەڭ ئىچكى يۇمران قەۋەت)، كورىيون (هاملىنى ئورىغان ئوتتۇرا قەۋەت) ۋە دېسىدۇئا (هاملىنى ئورىغان سىرتقى قەۋەت).

ئايەتتە يەنە ئىنساننىڭ بالياتقۇدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگىرىدىغان ئۈچ ئايرىم باسقۇچتا بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا بېشارەت بېرىلمەكتە.

ھەقىقەتەن بۈگۈن زامانىۋى بىئولوگىيە بوۋاقنىڭ ئانا قورسىقىدىكى هاملە تەرەققىياتىنىڭ پەرقلىق ئۈچ باسقۇچتا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۈگۈن مېدىتسىنا فاكۇلتېتلىرىدە دەرس كىتابى قىلىنىپ ئۆتۈلىدىغان پۈتۈن هاملىشۇناسلىق كىتابلىرىدا بۇ تېما ئەڭ ئاساسىي بىلىملەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالماقتا. مەسىلەن، هاملىشۇناسلىق ھەققىدە مۇراجىئەت قىلىنىدىغان ئاساسلىق كىتابلاردىن بىرى بولغان «Basic Human Embryology» (ئىنسان هاملىشۇناسلىقىدىن ئاساس) ناملىق كىتابتا بۇ ئەمەلىيەت مۇنداق

www.munber.org

ئىپادىلەنمەكتە:

باليـاتقۇدىكى هايـات ئـۈچ باسـقۇچتىن شـەكىللىنىدۇ؛ پرېمبرىيونـلـۇق (تۇنجى 2، 5 ھەپتە)، ئېمبرىيونلۇق (8-ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە) ۋە فەتـال (8-ھەپتىدىن تۇغۇلۇشقىچە).

بۇ باسقۇچلار بوۋاقنىڭ پەرقلىق تەرەققىيات باسـقۇچلىرىنى ئـۆز ئىچىـگە ئالىدۇ. بـۇ ئـۈچ تەرەققىيـات باسـقۇچىنىڭ ئـايرىم ئالاھـىدىلىكلىرى قىـسقىچە مۇنداق:

پرېمبرىيونـلـۇق باسـقۇچ: بـۇ تـۇنجى باسـقۇچتا ھـامىلە ھۈجەيرىـسى بۆلۈنۈپ كۆپىيىدۇ، بىر ھۈجەيرە يىغىندىسى ھالىغا كەلگەنـدىن كېيىن ئـۆزىنى باليـاتقۇ تېمىغـا كۆمـىدۇ. ھـۈجەيرىلەر داۋاملىـق كۆپەيگەنـدە ئـۈچ قەۋەت ھالىتىدە تەشكىللىنىدۇ.

ئېمبرىيونلۇق باسقۇچ: ئىككىنچى باسقۇچ 5 ھەپتە داۋاملىـشىدۇ، مۇشـۇ ۋاقىتتا "جانلىق ھامىلە" دەپ ئاتىلىدۇ. بـۇ باسـقۇچتا ھـۈجەيرە قەۋەتلىرىـدىن بەدەننىڭ ئاساسلىق ئورگان ۋە سىستېمىلىرى مەيدانغا كېلىدۇ.

فەتال باسقۇچ: بۇ باسقۇچقا كىرگەندە ھامىلە "تۆرەلمە" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ باسـقۇچ ھامىلـدارلىقنىڭ 8-ھەپتىـسىدىن ئېتىبـارەن باشـلىنىدۇ ۋە تۇغـۇتقىچە داۋاملـشىدۇ. بـۇ باسـقۇچنىڭ ئـاۋۋالقى باسـقۇچلاردىن پەرقلىنىـدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۆرەلمىنىڭ يۈزى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئېنىق بىر ئىنسان كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولىدۇ. دەسلەپكى باسقۇچتا ھامىلىنـىڭ بـويى 3 سـانتىمېتىر بولۇشقا قارىماي پۈتۈن ئورگـانلىرى بارلىققا كېلىـپ بولىـدۇ. بـۇ باسـقۇچ 30 ھەپتىگىچە بولىدۇ ۋە تەرەققىيات تۇغۇت ھەپتىسىگىچە داۋاملىشىدۇ.

ئانا باليـاتقۇسىدىكى تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك بـۇ بىلىمـلەرگە ئىنـسانلار پەقەت زامـانىۋى تېخنىكىلىـق سـايمانلار بىـلەن ئېلىـپ بېرىلغـان كۆزىتىـشلەر



www.munber.org

ئارقىلىق ئىگە بولىدى. ئەمما مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ بىلىملەرمۇ باشقا نۇرغۇن ئىلمىي ھەقىقەتكە ئوخشاش مۆجىزىۋى ھالدا قۇرئان ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان.

# ئىنساننىڭ سۇدىن يارىتىلىشى

﴿ئاللاھ ھەر بىر جانىدارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت ئايىغى بىلەن ماڭىدۇ، ئاللاھ خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾ (سۈرە «نۇر»، 45-ئايەت).

﴿كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر-بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟﴾ (سۈرە «ئەنبىيا»، 30-ئايەت).

﴿ئاللاھ ئىنساننى بىر سۇدىن (ئابمەنىيدىن) ياراتتى، ئۇنى باللار نەسەبەت بېرىلىدىغان ئەر ۋە قۇدا-باجىلىق پەيدا قىلىدىغان ئايال (دىن ئىبارەت) ئىككى خىل قىلىپ ياراتتى، پەرۋەردىگارىڭ ھەممىگە قادىردۇر﴾ («فۇرقان» سۈرىسى، 54-ئايەت).

جانلىقلارنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى ئايەتلەرگە قارىغىنىمىزدا بۇ يارىتىلىشنىڭ مۆجىزىلىك شەكىلدە ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرىمىز. بۇ مۆجىزىۋى يارىتىلىش شەكىللىرىدىن بىرى جانلىقلارنىڭ سۇدىن يارىتىلىشىدۇر. خېلى كۆپ ئايەتتە ئۇچۇق دېيىلگەن بۇ بىلىمگە ئىنسانلارنىڭ ئېرىشىشى ئەسىرلەردىن كېيىن مىكروسكوپنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئارقىلىق مۇمكىن بولىدى.

بۈگۈن ئەڭ ئاساسلىق ئېنسىكلوپېدىيەلەردە "سۇ جانلىق ماددىلاردىكى



www.munber.org

ئەڭ چوڭ ئېلېمېنت (ئۇنسۇر). جانلىق ئورگانىزىملارنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ يۈزدە 50ـ90 پىرسەنتى سۇدۇر" ئىپادىلىرى ئورۇن ئالماقتا. يەنە پۈتۈن بىئولوگىيە كىتابلىرىدا سۆزلىنىدىغان ئۆلچەملىك بىر ھايۋان ھۈجەيرىسىنىڭ ستوپىلازمىسى (ھۈجەيرىنىڭ ئاساسلىق ماددىسى) مۇ يۈزدە 80 پىرسەنت سۇدىن شەكىللىنىدۇ. ستوپىلازمىنىڭ ئانالىز قىلىنىپ ئىلمىي خاتىرىلەرگە پۈتۈلۈشى قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشىدىن ئەسىرلەر كېيىن ئەمەلگە ئاشتى. شۇڭا بۈگۈن بىلىم دۇنياسى ئېتىراپ قىلغان بۇ ئەمەلىيەتنىڭ قۇرئان نازىل قىلىنغان دەۋردە مەلۇم بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇنى بايقىشىدىن 14 ئەسىر ئاۋۋال قۇرئاندا بۇ بىلىم ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

## لايدىن يارىتىلىش

ئاللاھ قۇرئاندا ئىنساننىڭ يارىتىلىشىنىڭ مۆجىزىۋى بىر شەكىلدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. تۇنجى ئىنسان ئاللاھنىڭ لايىنى شەكىللەندۈرۈپ ئىنسان بەدىنى ھالىتىگە كەلتۈرۈشى ۋە ئارقىدىن بۇ بەدەنگە روھ كىرگۈزۈشى بىلەن يارىتىلغان.

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن ئۇنى مەن راۋرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار﴾ ( سۈرە «ساد»، 71ـ72ـ ئايەت).

﴿ئۇلاردىن (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن) سوراپ باققىن! ئۇلارنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى (يەنى



www.munber.org

ئۇلارنىڭ ئەسلى بولغان ئادەمنى) يېپىشقاق لايدىن ياراتتۇق﴾ (سۈرە«سافقات»، 11-ئايەت).

بۈگۈن ئىنسان توقۇلمىلىرى تەتقىق قىلىنغىنىدا يەردىكى نۇرغۇن ئېلېمېنتنىڭ ئىنساننىڭ توقۇلمىلىرىدىمۇ بار ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. جانلىق توقۇلمىلارنىڭ يۈزدە 95 پىرسەنتى كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن، نىتروگېن، پوسپور ۋە گۈڭگۈرتتىن تۈزۈلىدۇ ۋە جانلىق توقۇلمىلاردا جەمئىي 26 ئېلېمېنت بار بولىدۇ. قۇرئاننىڭ باشقا بىر ئايىتىدە شۇنداق دېيىلمەكتە:

﴿بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق﴾ (سۈرە«مۆئمىنۇن»، 12-ئايەت).

ئايەتتە "جەۋھەر" دەپ تەرجىمە قىلىنغان "سۇلالە" سۆزى "ئۆلگە، يادرو، خۇلاسە، ئاساس" دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك، قۇرئاندا 14 ئەسىر ئاۋۋال بىلدۈرۈلگەن بىلىملەر زامانىۋى بىلىمنىڭ بىزگە ئېيتقانلىرىنى ـــ ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ماددا بىلەن تۇپراق تەركىبىدىكى ئاساسلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئورتاق ئىكەنلىكىدەك پاكىتنى تەستىقلىماقتا.

## ئىنسانلاردىكى ئورگانلارنىڭ تەرەققىيات تەرتىپى

﴿ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە دىللارنى ياراتتى، سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر﴾ (سۈرە «مۆئمىنۇن»، 78-سۈرە).

﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى﴾ (سۈرە «نەھل»، 78-ئايەت).

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ

www.munber.org

قـۇلىقىڭلارنى گـاس، كـۆزۈڭلارنى كـور قىلىـپ قويـسا، دىللىـرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە (يەنى سىـلەرنى ھـېچ نەرسـىنى چۈشـەنمەيدىغان قىلىـپ قويـسا)، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا يەنە قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟...﴾ (سـۈرە «ئەنئام»، 46-ئايەت).

﴿شۈبھىـسىزكى بىـز ئىنسانىي ئارىلاشما مەنىـي (يەنى ئەر بىـلەن ئايالنىـڭ مەنىيـسى) دىـن يـاراتتۇق، ئـۇنى بىـز (شـەرىئەت تەكلىپلىـرى بىـلەن) سـىنايمىز، شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئـۇنى بىـز (ئـۇنى نازىـل قىلغـان ئـايەتلىرىمىزنى ئاڭلىـسۇن، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايـدىغان، كۆرىـدىغان قىلىـپ يـاراتتۇق﴾ (سـۈرە«ئىنـسان»، 2-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا ئىنسانغا بەخـش ئەتـكەن بىـر تۈركـۈم سەزگۈ ئەزالارنى بايان قىلىنماقتا. دىققەت قىلىنسا، قۇرئاندا بـۇ سـەزگۈ ئەزالار ئېنىق بىر تەرتىپ بويىچە بايان قىلىنماقتا: ئاڭلاش، كـۆرۈش، ھـېس قىلىـش ۋە چۈشىنىش.

ھاملىـشۇناس دوكتـور كېيـت مـورې Journal of Islamic Medical Associationدا نەشـر قىلىنغـان بىـر ماقالىـسىدە تەرەققىيـات جەريانىدا ھاملىنىڭ ئىچ قۇلاقلىرىنىڭ تۇنجى ھالىتى نامايەن بولغانـدىن كېيىن كۆزىنىـڭ شەكىلىنىـشكە باشـلايدىغانلىقىنى بايـان قىلىـدۇ؛ ھـېس قىلىـش ۋە چۈشىنىش مەركىزى بولغـان مېڭىنىـڭ بولـسا قـۇلاق ۋە كۆزنىـڭ ئارقىـسىدىن تەرەققىي قىلىشقا باشلايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئانا قورسىقىدىكى بالا تـۆرەلمە ھـالىتىكى چاغدا ھاملىدارلىقنىڭ يىگىـرمە ئىككىنچى كۈنىدىكىدەك باللۇر بىر باسقۇچتا قـۇلاقلىرى تەرەققىـي قىلىـدۇ ۋە ھاملىـدارلىقنىڭ تـۆتىنچى ئېيىـدا قـۇلاق پۈتـۈنلەي فونكىـسيونلۇق (يەنى ئىشلەيدىغان، رولى بـار) ھالغا كېلىـدۇ. شـۇنىڭدىن كېيىن تـۆرەلمە ئانىـسىنىڭ



www.munber.org

قورسىقىدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ. شۇنداق قىلىپ يېڭى تۇغۇلغان بىر بوۋاق ئۇچۇن ئاڭلاش سەزگۈسى باشقا هاياتىي ئىقتىدارلاردىن ئاۋۋال شەكىللىنىدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىدىكى باش رەت ـ تەرتىپ بۇ جەھەتتىن دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

## سۈتنىڭ شەكىللىنىشى

﴿چاھارپايلاردا سىلەر ئۇچۇن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار. سىلەرنى چاھارپايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز﴾ (سۈرە«نەھل»، 66ـئايەت).

ۋۇجۇدنىڭ بىقلىشىنى ساقلايدىغان ئاساسىي ماددىلار ھەزىم قىلىش سىستېمىسىكى خىمىيىلىك ئۆزگۈرۈشلەر نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. ھەزىم قىلىنغان بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلىرى كېيىن ئۇچەي دىۋارىدىكى قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا ئۆتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئوزۇقلۇقلار قان ئايلىنىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا ئەۋەتىلىدۇ.

سۈت سوغۇقلۇقىمۇ باشقا ۋۇجۇد توقۇلمىلىرىغا ئوخشاش قان يولى بىلەن ئۆزلىرىگە ئېلىپ كېلىنگەن ھەزىم بولغان ئوزۇقلۇقلار ئارقىلىق بېقىلىدۇ. شۇڭا ئوزۇقلۇقلارنىڭ توپلىنىپ يەتكۈزۈلۈشىدە قان ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ باسقۇچلاردىن كېيىن سۈت بەزلىرى تەرىپىدىن ئاجرىتىلىدۇ، ھەزىم بولغان ئوزۇقلۇقنىڭ قان ئايلىنىش ئارقىلىق توشۇلۇشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەنلىكتىن سۈتنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىنسانلار بىۋاسىتە ئىستېمال قىلالمايدىغان قاندىن، قالغان يېرىمى بولسا ھەزىم بولغان ئوزۇقلۇقتىن تەركىب تاپقان ھالدا ئوزۇقلۇق سۈت ئىشلەپچىقىلىدۇ.



www.munber.org

مەلـۇم بولغىنــدەك، «نەھــل» سۈرىــسىنىڭ 66ـئايىتــدە سـۈتنىڭ بىئولوگىيلــىك تۈزۈلۈشــىگە مۇناســۋەتلىك بايــانلار زامــانىمىز بىلىملىــرى ئوتتۇرىغـا قويغـان مەلۇماتلارغـا ناھـايىتى مـاس كېلىـدۇ. سـۈت ئەمگـۈچى ھايۋانلارنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىختىساسلىقلارنى كېـرەك قىلىـدىغان بۇنـداق بىـر بىلىمنـىڭ قۇرئـان نازىـل قىلىنغـان دەۋرلەردە ئىنسانلارغا مەلۇم بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ناھايىتى روشەندۇر.

## بارماق ئىزىدىكى كىملىك

قۇرئاندا ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭ ئاللاھ ئۈچـۈن ناھـايىتى ئاسـان ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندا ئىنسانلارنىڭ بارماقلىرى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان:

﴿ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەم قىلىمىز)، ئۇنـىڭ (ئەڭ ئىـــنچىكە، ئەڭ نـــازۇك بولغـــان)بارمـــاقلىرىنى ئەســـلىگە كەلتـــۈرەلەيمىز﴾ (سۈرە«قىيامەت»، 4ـسۈرە).

ئايەتتە بارماق ئۇچىنـىڭ تەكىتلىنىـشى ناھـايىتى ھېكمەتلىكتـۇر. چـۈنكى بارماق ئىزىدىكى شەكىللەر ۋە ئىنچىكە تەرەپلەر تامامەن شۇ كىشىگە خاسـتۇر. شۇ ئان دۇنيادا ياشـاۋاتقان ۋە تارىختـا ياشـىغان پۈتـۈن ئىنـسانلارنىڭ بارمـاق ئىزى بىر-بىرىدىن پەرقلىقتۇر. تېخى ئوخشاش بىـر DNA تۈزۈلۈشـىگە ئىـگە بىر تۇخۇمدىن بولغان قوشكېزەكلەرمۇ پەرقلىق بارماق ئىزىغا ئىگە.

بارماق ئىزى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىـرى ھاملىـدە ئـاخىرقى شـەكلىنى ئالىـدۇ، بىرەر يوقالماس يـارا بولـۇپ قالمىـسىلا ئـۇ شـەكىل ئۇنىڭدا ئۆمـۈر بـويى مـۇقىم قالىدۇ. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بارماق ئىزى ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە خـاس ناھـايىتى مۇھىم بىر ”كىملىك“ ھېسابلانماقتا، بارمـاق ئىـزى بىلىمـى بولـسا ئىنـسانلارغا مەلـۇم بولغـان بىردىنبىــر ئــۆزگەرمەس ۋە يېگىلــشماس كىملــك ئېــنىقلاش



www.munber.org

ئۇسۇلى بولۇپ قوللىنىلماقتا.

شۇنىسى مۇھىمكى، بارماق ئىزى خۇسۇسىيىتى پەقەت 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تونۇغرا بايقالدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىنسانلار بارماق ئىزىنى ھېچبىر خۇسۇسىيىتى ۋە مەنىسى يوق سىزىقلار دەپ بىلگەن. ئەمما قۇرئاندا ئۇ دەۋردە بىرسىنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان بارماق ئىزلىرى تەكىتلەنگەنكى بۇ ئىزلارنىڭ زامانىمىزدا تونۇلغان مۇھىملىقى كىشىنى قىزىقتۇرماقتا.

## چىشى ھەسەل ھەرىسى

﴿پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە بىلدۈردى: تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن. ئاندىن كېيىن تۈرلۈك مېۋىلەر(يەنى گۈل-چېچەكلەر) دىن يېگىن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن. ئۇنىڭ (يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇ خىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار﴾ (سۈرە «نەھل»، 68 ـ، 69 ـ ئايەت).

ھەر بىر ھەرە ناھايىتى نۇرغۇن ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان ھەرە تۈپىنىڭ ئارىسىدا ئەركەك ھەرە مۇستەسنادۇر. ئەركەك ھەرە ھەرە ئۇۋىسىنى قوغدىمايدۇ، ئوزۇقلۇق يىغمايدۇ، كۆنەگە ياساشقا ياكى ھەسەل چىقىرىشقا قاتناشمايدۇ. ئەركەك ھەرىنىڭ بىردىنبىر قىلىدىغان ئىشى چىشى ھەرە تۆللەشتۇر. جۈپلىشىش ئەزايىنى دېمىگەندە ئەركەك ھەرىدە باشقا ھەرىلەردىكى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى بولمىغاچقا ئۇنىڭ چىشى ھەرە تۆللىمەكتىن باشقا ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.



www.munber.org

ھەرە تۈپىنىڭ پۈتۈن يۇكىنى زىممىسىگە ئالغان ئىشچى ھەرىلەر ”خانقىز“ ھەرىلەرگە ئوخشاش چىشى جىنسلىق بولسىمۇ تۇخۇمدانلىرى تەرەققىي قىلمىغان بولىدۇ، يەنى تۇغماس چىقىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۇۋىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش، قۇرت ھەرىلەر ۋە بالىلىرىنى بېقىش، چىشى ھەرە ۋە ئەركەك ھەرىنى بېقىش، ھەسەل چىقىرىش، كۆنەگە ياساش ۋە ئۇنى رېمونت قىلىش، ئۇۋىنى ھاۋالاندۇرۇش، ئۇۋىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ھەسەل جەۋھىرى، گۈل چېڭى، سۇ، قىيام دېگەندەك ماددىلارنى توپلاش ۋە زاپاس ساقلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

ئەرەبچىدە پېئىللارنىڭ ئىككى خىل قوللىنىلىش شەكلى بار، بۇنىڭدىن ئىگىسىنىڭ ئەركەك ياكى چىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ھەرە ئۈچۈن قوللىنىلغان پېئىللار ھەققەتەن پېئىلنىڭ ئايال سىغىسى شەكلىدە قوللىنىلغان. شۇنداق قىلىپ قۇرئاندا، ھەسەل چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھەرىلەرنىڭ چىشى ئىكەنلىكى بېشارەت بېرىلمەكتە.

ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ھەرىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بۇ پاكىتنىڭ بۇنىڭدىن 1400يىل ئىلگىرى مەلۇم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇ پاكىتنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ قۇرئاننىڭ يەنە بىر مۆجىزىسىنى بىزگە كۆرسەتمەكتە.

## ئۇيقۇدا قۇلاقلارنىڭ سەگەك بولۇشى

﴿شۇنداق قىلىپ غاردا ئۇزۇن يىللار ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۇردۇق(قاتتىق بىر ئۇيقۇ بەردۇق)﴾ (سۈرە «كەھف»، 11ـئايەت).

(ئۇيغۇرچە «قۇرئان كەرىم» دە: ﴿ئۇلارنى بىز غاردا ئۇزۇن يىللار ئۇخلىتىپ قويدۇق﴾ دەپ تەرجىمە قىلىنغان)



www.munber.org

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئۇچرايدىغان "قۇلاقلىرىغا ئۇردۇق" سۆزىنىڭ ئەرەبچىسى "دارابە" پېئىلىدۇر. ئەرەبچىدە بۇ پېئىل "ئۇلارنى ئۇخلاتتۇق" دېگەن مەجازىي مەنىدە كەلمەكتە. يەنە "دارابە" سۆزى قۇلاق بىلەن بىللە قوللىنىلغاندا "قۇلاق ئاڭلىشىنىڭ توسۇلۇشى" مەنىسىدە كەلمەكتە. ئايەتتە پەقەت ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ ئۇيقۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىشىدە ئەسلىدە بۇنىڭدا ناھايىتى مۇھىم بىر مەلۇمات بار.

ئالىملارنى بايقاشلىرىغا قارىغاندا، قۇلاق ئىنسان ئۇخلاۋاتقاندا بىردىنبىر سەگەك تۇرىدىغان سەزگۈ ئەزادۇر. ئويغىنىش ئۈچۈن سائەت سىگنالىغا ئېھتىياجىمىز يوقلۇقىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ. ئاللاھنىڭ كەھف ئەھلىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا قوللانغان "قۇلاقلىرىغا ئۇردۇق" ئىبادىسىنىڭ ھېكمىتى ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئاڭلاش سەزگۈلىرىنىڭ ئېتىلگەنلىكىگە، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللار ئويغانماي ئۇخلاپ كەتكەنلىكىگە ئىشارەت بولۇشى ئېھتىمال.

www.munber.org

## زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرى

﴿ئاللاھ ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴾ (سۈرە «نەھل»، 8-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە قاتناش ۋاستىلىرى دەپ ھېسابلانغان ھايۋانلاردىن باشقا، ئىنسانلار بىلمەيدىغان قاتناش ۋاستىلىرىنىڭمۇ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنماقتا.

# ئېگىزلىك ئارتقانچە كۆكرەكنىڭ تارىيىشى

ئىنسان ياشاش ئۈچۈن ئوكسىگېن ۋە ھاۋا بېسىمىغا ئېھتىياجلىقتۇر. نەپەسلىنىشىمىز ھاۋادىكى ئوكسىگىنىنىڭ ئۆپكىمىزدىكى ھاۋا پۇۋەكچىلىرىگە كىرىشى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. ئەمما ئېگىزلىكلەرگە چىققانچە يەر شارى ئاتموسفېراسى شالاڭلاشقانلىقتىن ئاتموسفېرا بېسىمى ھەمدە بۇنىڭ سەۋەبىدىن قان ئايلىنىشىغا كىرىدىغان ئوكسىگىن مىقتارى تۆۋەنلەيدۇ. نەتىجىدە نەپەس ئالماق قىيىنلىشىدۇ. ئۆپكىنىڭ ھاۋا پۇۋەكچىلىرى تارىيىپ يۈرۈلگەندە كۆكرەك بوغۇلىدۇ ۋە ئادەم نەپەس ئالالمىغاندەك بولىدۇ.

ئەگەر قاندىكى ئوكسىگىن بەدەننىڭ ئېھتىياجىدىن ئاز بولسا بەدەندە بىر يۈرۈش بىئاراملىق پەيدا بولىدۇ. زىيادە ھارغىنلىق، باش ئاغرىش، باش قېيىش، قۇسقۇسى كېلىش، ئوي-پىكرى چېچىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر يۈز بېرىدۇ. تېخىمۇ ئېگىزلىككە چىققانچە ئىنسان ئۈچۈن نەپەس ئالماق ئىمكانسىز ھالغا كېلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ بۇنداق بىر ئېگىزلىكتە ياشيالىشىمىز ئۈچۈن ئوكسىگېن ياردىمىگە ۋە ئالاھىدە كىيىملەرگە ئېھتىياجىمىز تۇغۇلىدۇ.

دېڭىز يۈزىدىن 7500_5000 مېتىر ئېگىزلىكتە بولغان بىر كىشى نەپەس ئېلىشىنىڭ تەسلىكىدىن ھۇشسىزلىنىپ چالا ئۆلۈك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئايروپىلانلاردا نەپەس ئېلىش ئۈچۈن ئوكسىگىن ئەسلىھەلىرى بولىدۇ. ئايروپىلانلار دېڭىز يۈزىدىن 10000_9000 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچقاندا ئىچىدە ھاۋا بېسىمىنى تەڭشەيدىغان ئالاھىدە سىستېمىلار بولىدۇ.

”ئانوكسىيا“ دېيىلىدىغان بىئاراملىق بەدەن توقۇلمىلىرىغا ئوكسىگىن بارماسلىقتىن بولىدۇ. بۇ ئوكسىگىن كەملىكى 4500_3000 مېتىر ئېگىزلىكتە مەيدانغا كېلىدۇ. بەزى ئىنسانلار بۇنداق شارائىتتا ھوش-كاللىسىنى يوقىتىدۇ، پەقەت دەرھال ئوكسىگىن ياردىمى بېرىلگەندە ئاندىن ھاياتى قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ.



www.munber.org

تۆۋەندىكى ئايەتتىكى ئوخشىتىشتا بۇ فىزىكىلىق پاكىتقا ــــ ئېگىزلىكنىڭ ئارتىشى بىلەن كۆكرەكتە مەيدانغا كېلىدىغان ئۆزگىرىشكە مۇنداق بېشارەت بېرىلمەكتە:

﴿ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتەك قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ﴾ (سۈرە «ئەنئام»، 125 ـ ئايەت).

www.munber.org

# تۆتىنچى بۆلۈم

## قىيامەت ئالامەتلىرى ۋە 2000-يىللار

## ھەدىسلەردە قىيامەت ئالامەتلىرى

## كەمبەغەللەرنىڭ كۆپىيىشى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، كەمبەغەللەرنىڭ كۆپىيىشىنىڭ قىيامەتنىڭ بىر ئالامىتى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز:

"كەمبەغەللەر كۆپىيىدۇ"

(ئۆلۈم- قىيامەت- ئاخىرەت ۋە ئاخىر زامان ئالامەتلىرى، 455-بەت)

"ئىنسانلاردا بېخىللىق ۋە ئاچكۆزلۈك كۆپىيىدۇ"

(مۇسلىم، ئىمارە، 176-بەت؛ ئىبنى ماجە، فىتەن، 24-بەت)

كەمبەغەللەرگە ۋە ماددىي شارائىتى ناچار ئىنسانلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدىغان كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە خېلىلا ئازلاپ قالدى. ئىسلامنىڭ بەش پەرزىدىن بىرى بولغان زاكات مەجبۇرىيىتىنى ئورۇنلىغان ئىنسان يوق دېگۈدەك ئازدۇر.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارا نوپۇس-تەرەققىيات

www.munber.org

مەھكىمىسىنىڭ يېقىنقى خەۋەرلىرىگە قارىغاندا دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتە بىرى يوقسۇللۇقتا ياشىماقتا. ئوخشاشلا بەزى دۆلەتلەردىكى كەمبەغەللەر رايونىغا خەلق تەرىپىدىن كېرەكلىك ياردەم قىلىنمايۋاتىدۇ.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئاچ قېلىشى بىر ياقتا تۇرسۇن، ھايۋانلارنىڭ ئاچ قېلىشىغىمۇ چىدىمىغان. مەسىلەن، تۆگىسىنى ئاچ قويغان بىر ئادەمنى ئۇنىڭ قىلغان خاتالىقى تۈپەيلىدىن ئەيىبلىگەن.

ئەمەلىيەتتە «قۇرئان كەرىم» مۇ ئىنسان ھاياتىغا ھۆرمەت قىلىنىپلا قالماي پۈتۈن جانلىقلارغا مەرھەمەت قىلىنىشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن، مۇسۇلمانلار، خرىستىئانلار ۋە يەھۇدىيلار ئۈچۈن پەيغەمبەر ۋە پادىشاھ بولغان ھەزرىتى سۇلەيماننىڭ چۈمۈلىلەرنى يەنچىۋەتمەسلىك ئۈچۈن قوشۇنىنى توختىتىپ تۇرۇشى پۈتۈن جانلىقلارغا بىلدۈرۈلۈشى كېرەك بولغان مەرھەمەتنىڭ نامايەندىسىدۇر. («نەمل» سۈرىسى، 18، 19-ئايەتلەر).

﴿مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقاتلاردۇر). لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق)، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ)﴾ («ئەنئام» سۈرىسى، 38-ئايەت).

﴿دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەللەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىپ قىلمايدىغان ئادەمدۇر﴾ («مائۇن» سۈرىسى، 1 — 3-ئايەتلەر).

www.munber.org

# ئېگىز بىنالارنىڭ سېلىنىشى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرسى ئېگىز بىنالارنىڭ سېلىنىشىدۇر.

”ئېگىز-ئېگىز بىنالار سېلىنمىغۇچە... قىيامەت قايىم بولمايدۇ“.

(«ئۆلۈم، قىيامەت ۋە تىرىلىش»، 468-بەت)

”شۇ ھادىسىلەر مەيدانغا كەلمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئېگىز بىنالارنى سېلىشتا ئىنسانلار بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىدۇ“.

(بۇخارى، فىتەن، 25؛ ئەھمەد بىن ھەنبەل، مۇسنەد، 2\313)

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەۋەتلىك ئېگىز بىنالار سېلىنىشقا باشلىدى. پولاتنىڭ قۇرۇلۇشلاردا ئىشلىتىلىشى ۋە لىفىتنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن تەڭ ئېگىز بىنالار قۇرۇلۇشى ئەۋج ئالدى. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن رىقابەتكە كىرىشىشى قىيىن ئەھۋالدىكى ئىنسانلارنىڭ ئۇنتۇلۇشىغا زېمىن ھازىرلىماقتا.

# قاتناش ۋاستىلىرى

كىتابنىڭ ئالدىنقى بۆلۈملىرىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرىغا يىللىرى بىلەن بىللە بېشارەت بەرگەنلىكىنى ئېيتقانىدۇق. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدىمۇ بۇ ۋاستىلارنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز:

”شۇ ھادىسىلەر مەيدانغا كەلمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ... زامان قىسقىرايدۇ ۋە ۋاستىلار بىلەن مۇساپىلەر قىسقىرايدۇ“. (بۇخارى، فىتەن،



www.munber.org

25؛ ئەھمەد بىن ھەنبەل، مۇسنەد، 2\313)

ئايلارچە ماڭىدىغان مۇساپىلەرنى بۇگۈنكى كۈندە ئايروپىلان ۋە ئاپتومبىل قاتارلىق تېخنىكىلىق ۋاستىلار ئارقىلىق بىر قانچە سائەتتە بېسىپ بولىمىز. «قۇرئان كەرىم» دىمۇ ئىنسانلار ئۇ دەۋردە خەۋەردار بولمىغان ۋاستىلار تىلغا ئېلىنىدۇ:

﴿ئاللاھ ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىنىنەت ئۈچۈن ياراتتى، ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴾ (سۈرە «نەھل»، 8-ئايەت).

## ھەزرىتى ئىسا ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر

خرىستىئانلارنىڭ ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىغا كۆرە ھەزرىتى ئىسا مەسىھ دۇنياغا قايتا كېلىدۇ، بۇ ھادىسە بۈيۈك قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى ئىسا ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ھەزرىتى ئىسانىڭ كېلىدىغانلىقىغا دائىر بىر مۇنچە ئىشەنچلىك ھەدىس بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇنداق:

"ھاياتىم قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ ئادىل بىر ھاكىم بولۇپ سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا چۈشۈشى چوقۇم يېقىندۇر" («سەھىھى مۇسلىم»، 6\532)

"ئىسا ئادىل بىر ئىمام (رەھبەر) ۋە ھاكىم (باشقۇرغۇچى) بولۇپ يەر يۈزىدە قىرىق يىل قالىدۇ" («قۇرئان ۋە سۈننەتتە قىيامەت ۋە ئاخىرەت»، 134-بەت)



www.munber.org

شۇبھىسىزكى ئىسانىڭ (مەسىھنىڭ) يەر يۈزىگە قايتىشى باشقىچە بىر ھالەتتە بولىدۇ. ئىسانىڭ مۆجىزىلىك ھالدا ئاسماندىن چۈشىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنماقتا، ئەمما تېخى زامانى كەلمىدى.

مەسىھ كېلىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئويلايدىغان ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشىمۇ قىيامەت ئالامەتلىرىدىندۇر.

"ئوتتۇزغا قەدەر يالغانچى پەيغەمبەر چىقمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ بىلىشىدۇ". (تىرمىزى، فىتەن 43، (2219)؛ ئەبۇ داۋۇد، مەلاھىم 16)

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ساختا مەسىھ ئېقىملىرى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ناھايىتى كۆپەيگەن.

## ئۈچۈرلىشىش تېخنىكىسى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە قارىغىنىمىزدا ئۈچۈرلىشىش ۋە ئاۋاز ئېلىش تېخنىكىسىغا بېشارەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز:

"كىشىگە ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىغۇچە... قىيامەت قايىم بولمايدۇ"

(«ئۆلۈم، قىيامەت ۋە تىرىلىش»، 471-بەت)

بۈگۈنكى دەۋرلەردە ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئاۋازىنى خاتىرىلەپ ئاڭلىشى مۇمكىنسىز ئىدى. ئەمما زامانىمىزدا ئاۋاز ئېلىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئاۋازلار خاتىرىلىنىپ ئاڭلىنىلىدىغان بولىدى. تېلېۋىزىيە، رادىئو ۋە كومپيۇتېر قاتارلىق تېخنىكىلىق ئەسلىھەلەرمۇ كىشىنىڭ ئۆز ئاۋازىنى ئاڭلىشىغا ئىمكان ساقلىماقتا.

www.munber.org

قىيامەت خەۋەرچىسى بولغان باشقا ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمى شۇلاردۇر:

"شۇ ھادىسىلەر مەيدانغا كەلمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ... يەر تەۋرەش كۆپىيىدۇ" (رامۇز-ئەل ئەھادىس، 476\11)

"قىيامەتتىن ئاۋۋال ئىككى بۈيۈك ھادىسە بولىدۇ... ۋە ئاخىرىدا يەر تەۋرەشلىك يىللار بولىدۇ" (رامۇز-ئەل ئەھادىس، 187\2)

ئامېرىكا خەلقئارا يەر تەۋرەش تەتقىقاتى مەركىزىنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، 1999-يىلىدا دۇنيادا مىڭلارچە يەر تەۋرەش مەيدانغا كەلدى. «قۇرئان كەرىم» دىكى 99-سۈرە بولغان «زەلزەلە» (يەر تەۋرەش) سۈرىسىمۇ چوڭ يەر تەۋرەشلەرنى تىلغا ئالماقتا.

"پاھىشىۋازلىق ئاشكارا بولمىغۇچە... قىيامەت قايىم بولمايدۇ"

(رامۇز-ئەل ئەھادىس، 91\7)

زامانىمىزدا بەزى تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ نۇرغۇن چىركىنلىك-رەسۋالىقنى ئۇچۇقچە كۆرسىتىشى بۇ ھەدىسنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

"چوڭ شەھەرلەر خۇددى تۆنۈگۈن يوقتەكلا ھالاك بولىدۇ"

(«كىتابۇل بۇرخان فى ئالامەتىل مەھدىيىل ئاخىر زامان»، 38-بەت)

2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاتوم بومبىسىنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن خىرۇسىما ۋە ناگاساكى ئارىلى ۋەيران قىلىنغان. ئوخشاشلا ياۋرۇپادىكى بەزى چوڭ شەھەرلەرمۇ بومبىلانغاندىن كېيىن خارابىلىققا ئايلانغان.

"كىشىنىڭ ئۆز ئانىسىغا قارشى قوپۇشى، دادىسىنى خاپا قىلىشى... ئاجرىشىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى... قىيامەت ئالامەتلىرىدىندۇر" (تىرمىزى، فىتەن، 38)

ئائىلە مۇناسىۋىتى كۈنسېرى تېز زەئىپلەشمەكتە.

www.munber.org

”(ئـاخىر زامانـدا ســەلەردىن ئىلگىرىكــى مىللەتــلەرنى ئىېرىچمـۇ غىېـرىچ، قەدەممـۇ قەدەم يەردە ئىزلەيــسىلەر، ھەتتـا ئـۇلار (يەھـۇدىي ۋە خرىــستىئانلار) كەسلەنچۇكنىڭ تۆشۈكىگە كىرسە، سىلەرمۇ ئارقىسىدىن كىرىسىلەر“

(«ئۆلۈم قىيامەت ۋە تىرىلىش»، 470-بەت)

ھازىر بىز تۇرۇۋاتقان مۇشـۇ باسـقۇچتا بەزى مۇسـۇلمانلار خرىــستىئان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ناچار ئادەتلىرىنىمۇ تەقلىد قىلىشماقتا.

”ۋاقىت قىسقىراپ، يىل ئاي، ئـاي ھەپـتە بولىغـۇچە، ھەپـتە كـۈن، كـۈن سائەت، سائەت بولسا ئوت تۇتاشقىچىلىك بىر ۋاقىت بولىغۇچە قىيامەت قـايىم بولمايدۇ“.

” ئىنسانلارغا بىر زامان كېلىدۇكى، جامىلىرىدە تويلىنىــپ نامـاز قىلىــشىدۇ. لېكىن ئارىسىدا مۆمىن(ھەقىقىي ئىمان كەلتۈرگەن مۇسۇلمان) چىقمايدۇ“.

”ئەرلەر ئاياللارغا ، ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشايدۇ...“

” ئالىملار ئىلىمنى پەقەت پۇل ئۈچۈن ئۆگەنگەندە... دىننى بـۇ دۇنيالىققـا ســاتقانلىرىدا... (دىنىنــىڭ) ھــۆكمىنى ســاتقانلىرىدا... قىيــامەت يېقىنلاشــقان بولىدۇ“

”ئىنسانلارغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، جازانە يېمىگەن ئادەم قالمايدۇ. ئـۇنى يېمىــسىمۇ ئـۆزىگە جازانىنــىڭ توپـا-تـوزانلىرى يۇقـىدۇ“. (رامـۇز-ئەل ئەھادىس، 8\360، 7\503)

”قىيامەتتە ئاخشام-كېچىلەرنىڭ پارچىلىرىدەك مۇرەككەپلىك بولىدۇ. بـۇ مۇرەككەپلىك ئىچىدە كىشى ئەتىگىنى مۆمىن بولسا، ئاخـشىمى كـاپىر بولـىدۇ؛ ئاخشىمى مۆمىن بولسا ئەتىگىنى كاپىر بولىدۇ“.

”ئىنـسانلارغا شـۇنداق بىـر زامـان كېلىـدۇكى، دىنىـدا سـەبرى قىلىـش ۋە

www.munber.org

ئىمان ئىگىسى بولۇش ئالقان ئىچىدە چوغ- ئوت تۇتۇشتىنمۇ تەس بولىدۇ“.

www.munber.org

# قۇرئاندىكى بەزى قىيامەت ئالامەتلىرى

## دابBەتۇل- ئارز

«قۇرئان كەرىم» نىڭ «نەمل» سۈرىسى، 82-ئايىتىدە دابBەتۇل ئارزنىڭ بىر قىيامەت ئىكەنلىكىگە بىشارەت بېرىدۇ.

﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) غا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا (يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا)، ئۇلارغا زېمىندىن دابBە (بىر تۈرلۈك ھايۋان) نى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ﴾ («نەمل» سۈرىسى، 82-ئايەت).

دابBەتۇل-ئارزنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەر خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىققان، لېكىن ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكى تېخىچە تولۇق ئايدىڭلاشمىدى.

مەشھۇر مۇپەسسىرم. ئەلمالىلى ھەمدى يازىر ئايەتتىكى "دابBە" سۆزىنىڭ 'نەكىرە'، يەنى ئېنىقسىز ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى ۋە بۇ يۈزدىن كۆپ ھەر خىل مەنىلەردە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇنىڭدىن دابBەتۇل ئارزنىڭ سىمۋوللۇق بىر ئىپادە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلەيمىز.

"دابBە" سۆزى "دەبەلەنەن (ھەرىكەت قىلىدىغان)" سۆزىدىن تۆرەلگەن. "دابBە" سۆزى قۇرئاندىكى پۈتۈن جانلىقلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ، پەقەت ھايۋانلار ئۈچۈن ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ. بەزى ئايەتلەردە ئىنسانلار ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. دەرۋەقە، ھەزرىتى ئەلىمۇ يۇقىرىقى ئايەتنى چۈشەندۈرگەندە شۇ ئىپادىنى قوللانغان:" ئۇ قۇيرۇقى بار بىر دابBە ئەمەس، ساقىلى بولغان بىر دابBەدۇر". بۇنىڭدىن دابBەنىڭ بىر ئىنسان بولۇشى مۇمكىنلىكىنىمۇ



www.munber.org

چۈشىنەلەيمىز. بەزى مەنبەلەردە بولسا داببەتۇل ئاررزنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقان بىر جانلىق ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلىدۇ، بۇ پەقەت سىمۋوللۇق بىر چۈشەندۈرۈشتۇر.

قۇرئاندىكى «سەبە» سۈرىسىدە، ھەزرىتى سۇلەيماننىڭ ھاسىسىنى يېگەن ياغاچ قۇرۇتىغىمۇ دابىە سۆزى قوللىنىلغان. بۇ ئايەتتىن بەزىلەر دابىەتۇل ئاررزنىڭ كىچىك بىر جانلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئىنسانلارنى ئىچىدىن يەيدىغان ئەيدىز ۋىرۇسىغا ئوخشاش بىر باكتېرىيە (كېسەللىك) ئىكەنلىكىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن، چۈنكى ياغاچ قۇرۇتىمۇ ھاسىنى ئىچىدىن يېگەن. لېكىن بۇ پەقەت بىر تەخمىندۇر.

بىر رىۋايەتتە دابىەتۇل-ئاررز ھەققىدە مۇنداق دېيىلمەكتە:

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام): ”دابىەنىڭ ئۈچ چىقىشى بار: بىرسى بەزى چۆللەردە چىقىدۇ، كېيىن يوشۇرۇنىدۇ. بىرسى ئەمىرلەر قان تۆككەندە بەزى شەھەرلەردە چىقىدۇ، يەنە يوشۇرۇنىدۇ. كېيىن ئىنسانلار مەسچىتلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى، ئەڭ چوڭى ۋە ئەڭ خاسىيەتلىكى ئىچىدە تۇرغاندا يەر يۈزى ئۇلارنى ئۈچۈرتۇشقا باشلايدۇ. شۇ چاغدا خەلق قېچىشىدۇ، مۆمىنلەردىن بىر گۇرۇپ قالىدۇ، بىزنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىم قۇتقۇزالمايدۇ دېيىشىدۇ. دابىە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ، يۈزلىرىنى نۇرلۇق يۇلتۇزدەك پارلىتىدۇ. ئاندىن (دابىە) ھەرىكەتلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن يېتىشەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن قاچقان قۇتۇلالمايدۇ. (دابىە) بىر ئادەمگە يېتىپ بارىدۇ، (ئۇ) نامار قىلىشقا تۇرغان بولىدۇ، (دابىە): خۇدا ھەققى،سەن نامار ئەھلى ئەمەس دەيدۇ. (دابىە ئۇنىڭ) ياقىسىدىن ئالىدۇ، (ئەگەر ئۇ) ھەققىي مۆمىن بولسا يۈزىنى ئاقارتىدۇ، كاپىر بولسا بۇرنىنى يارىدۇ“ دېدى. ”ئۇ ۋاقىتتا ئىنسانلار قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟“ دېيدۇق. ”زېمىندا قوشنا، مالدا ئورتاق، سەپەردە دوست بولىدۇ“ دېدى. (ئىبنۇ جەرىرنىڭ ھۇزەيفە بىن ئەسىدتىن قىلغان رىۋايىتى)

www.munber.org

كۆرگىنىڭىزدەك، داببەتۇل ـ ئارزنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن چۈشەنچە بېرىلگەن، ئەمما بۇ يەردە دىققەت قىلىنىشى كېرەك بولغان تېخىمۇ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بار. دىققەت قىلىنىشى كېرەك بولغان نۇقتا، نۇرغۇن ئىسلام ئالىملىرىنىڭ داببەتۇل ئارزنىڭ چىققانلىقىنى سۆزلىگەنلىكىدۇر. يەنى بۈيۈك قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرى بولغان داببەتۇل ئارزنىڭ چىقىشى بەزى دىنىي ئالىملارغا رىئاللىق بولۇپ كۆرۈنگەن.

## ئاسماندا تۇمان

«قۇرئان كەرىم» نىڭ «دۇخان» سۈرىسىدە بىر تۇتەك قاتلىمىنىڭ ئاسماندا كۆرۈنىدىغانلىقى ئېيتىلماقتا. شۈبھىسىز بۇ تۇتەكنىڭ ئىنسانلارغا ئېزتىراپ بېرىدىغانلىقى ئالدىن بىلدۈرۈلمەكتە.

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۇتۇننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن. (ئۇ تۇتۇن) كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر﴾ («دۇخان» سۈرىسى، 10ـ، 11ـ ئايەت).

بۇ ئايەتلەردىن كېيىن تۇتەكنىڭ يوقىتىلىدىغانلىقى، لېكىن يەنە ئىنسانلارنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ئېيتىلماقتا.

## يەجۇجى ۋە مەجۇجى

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىككى يېرىدە يەجۇجى ۋە مەجۇجى ھەققىدە سۆزلەنمەكتە. بۇلارنىڭ ئالدىغا بىر سەد (توسما) قۇرۇلغانلىقى ۋە زامانى

www.munber.org

www.munber.org

كەلگەنلىدە بۇ سەدنىڭ ئېچىلىدىغانلىقى ئېيتىلماقتا. ئاۋۋال «كەھف» سۈرىسىدىكى ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

﴿زۇلقەرنەيىن ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئىككى تاغ ئالدىدا ھېچقانداق سۆزنى چۈشەنمەيدىغان (يەنى ئۆزىنىڭ تىلىدىن غەيرىي تىلنى بىلمەيدىغان) بىر قەۋمنى ئۇچراتتى. ئۇلار: 'ئى زۇلقەرنەيىن يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا بىر قىسىم مېلىمىزنى (باجغا ئوخشاش) تۆلىسەك بولامدۇ؟' دېدى. زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: 'ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر، ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي. ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار'. تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: 'ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۇستىگە تۆكەي' دېدى. ئۇلار (يەنى يەجۇج-مەجۇج) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى. زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: 'بۇ (يەنى توسمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى) پەرۋەردىگارىمنىڭ نېمىتىدۇر. پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، بۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ'. پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە قىستاڭچىلىقتىن) كىشىلەرنى بىر-بىرىگە گىرەلەشتۈرىۋېتىمىز، سۇر چېلىنىدۇ، ئۇلارنى (ھېساب ئۈچۈن) يىغىمىز﴾ («كەھف» سۈرىسى، 93 ـــ 99-ئايەتكىچە).

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەجۇجى مەجۇجىنىڭ يولى ئېچىلغان زامان ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى «ئەنبىيا»سۈرىسىدە ئېيتىلماقتا:

"يەجۇج ـ مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەر

تۆپىلىكلەردىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ، راست ۋەدە (يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ، (ئۇلار): ۋاي ئىست! بۇنىڭدىن بىز غەپلەتتە قېلىپتۇق، بەلكى بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلىپتۇق (دېيىشىدۇ)" («ئەنبىيا» سۈرىسى، 96ـ، 97ـ ئايەتلەر).

يەجۇج ۋە مەجۇجنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەر بولۇنماقتا، لېكىن زادى نېمە ئىكەنلىكى تېخىچە ئېنىق ئەمەس.

## مۇقەددەس كىتابلار ۋە 2000ـ يىللار

قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى بىلىم ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، پەقەت، قىيامەتنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى، يەنى بىشارەتلىرىنى ئالدىن ئاگاھلاندۇرغىلى بولىدۇ. تەتقىقاتلىرىمىزغا ئاساسەن، بىز ئەمدى تۇتقا قىلىدىغان قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ، يەنى بىشارەتلىرىنىڭ بىز تۇرۇۋاتقان 21ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رىئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمەكتىمىز. كىتابىي مۇقەددەستىكى بۇ ئالامەتلەر «قۇرئان كەرىم»دىكى مەلۇماتلار بىلەن زىچ باغلانماقتا.

يەنى بىزنىڭ ئويىمىزچە بۇ گۈن ئوتتۇرا ياشلاردا بولغان ھەر قانداق بىر كىشى ئەمدى بىز گېپىنى قىلغان ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسىگە گۇۋاھ بولالايدۇ. لېكىن بۇ يەردە يەنە دىققەت قىلىنىشى كېرەك بولغان بىر نۇقتا بار، كىتابىي مۇقەددەستىكى نۇرغۇن ئالامەتلەرنىڭ نۇرغۇنى سىمۋوللۇقتۇر، يەنى يوشۇرۇن ۋە چۈشىنىش تەس بولغان سىمۋوللار قوللىنىلماقتا. ھەققەتەن دىن ئالىملىرىمۇ قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ ئاساسەن سىمۋوللۇق ۋە يوشۇرۇن چۈشەنچىلەرگە تولغانلىقىنى ئېيتىشماقتا. ئەسلىدىمۇ «قۇرئان كەرىم»دە ۋە باشقا مۇقەددەس كىتابلاردا قىيامەتنىڭ كۈتۈلمىگەن بىر چاغدا كېلىدىغانلىقى ۋە نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ بۇنى پەرق ئېتەلمەيدىغانلىقى ئوچۇق بىر شەكىلدە ئىپادە قىلىنماقتا.

www.munber.org

قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ ئاساسەن سىمۋوللۇق، يەنى يوشۇرۇن بىر شەكىلدە بېرىلىشىنىڭ سەۋەبى پۈتۈن دىنلارنىڭ ئاساسىدا مەۋجۇت بولغان ئېتىقاد سىنىقى چۈشەنچىسىدىندۇر. ئېتىقادا سىنىقى ــ ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىغا، يەنى ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتىپ ياكى ئېيتمىغانلىقى ھەققىدە ھاياتى بويىچە سىنىلىشىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق دېيىشى ھاياتى بويىچە مۇشكۈللەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقى ۋە سىناقتىن ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئىپادە قىلىنىدۇ:

﴿ئىنسانلار ئىمان ئېيتتۇق دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئاللاھ (ئىمانىدا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىمانىدا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾ («ئەنكەبۇت» سۈرىسى، 1 ــ 3-ئايەتلەر).

﴿... ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار...﴾ («مائىدە» سۈرىسى، 48-ئايەت).

ئەگەر قىيامەتنىڭ بۈيۈك ئالامەتلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە قايسى يىللاردا رىئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقى ئىنسانلارغا ئوچۇق بىر شەكىلدە ئېيتىلسا ئىدى، ھەر كىم ئاللاھقا ئىمان ئېيتاتتى ۋە ئىمتىھان ئەمەلدىن قالاتتى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» دىكى ۋە باشقا كىتابلاردىكى قىيامەت ئالامەتلىرى، يەنى بېشارەتلىرى سىمۋوللۇق ۋە يوشۇرۇندۇر.

ئەمدى كىتابى مۇقەددەس (مۇقەددەس كىتابلار، ساماۋى كىتابلار) دا ئۇچرايدىغان قىيامەت ئالامەتلىرىنى رەت تەرتىپى بويىچە تەھلىل قىلايلى:

www.munber.org

# ئىسرائىلدە پالاكەت

«قۇرئان كەرىم» دە، ھەدىسلەردە ۋە كىتابى مۇقەددەستە ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ بىر قاتار پالاكەتلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىغا دائىر بېشارەتلەر بار. كۈنىمىزدە ئىسرائىلدە نۇرغۇن ئېچىنىشلىق ھادىسە مەيدانغا كەلمەكتە، ھالبۇكى بۇ يەردە تېخىمۇ چوڭ پالاكەتلەردىن گەپ ئاچىمىز. بىز ئىگە بولغان بايقاشلارغا ئاساسلىنىپ، ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ "قىزىق ئاتەش" دېيىلىدىغان بىر پالاكەتكە دۇچ كېلىدىغانلىقى ۋە ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ ئېغىر مۇشكۇلاتلارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتالايمىز. كىتابى مۇقەددەستە بەزى ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ ئالقانلىرىغا مۆھۈر ئۇرۇلغانلىقى ۋە بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلغانلىقى ئېيتىلماقتا:

"... بۇ پەرىشتە قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزغا زىيان يەتكۈزمەك ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ھوقۇق بېرىلگەن تۆت پەرىشتىگە قاتتىق ئاۋازدا، بىز تەڭرىنىڭ قۇللىرىنى ئالقانلىرىدىن مۆھۈرلىگەنگە قەدەر قۇرۇقلۇققا، دېڭىزغا ۋە دەرەخلەرگە زىيان يەتكۈزمەڭلار! دەپ توۋلىدى. مۆھۈرلەنگەنلەرنىڭ سانىنى ئاڭلىدىم. پۈتۈن ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن 144 مىڭ كىشى مۆھۈرلەنگەنىدى..." (يۇھاننا، ۋەھيي 7-باپ 2،3،4)

بۇ يەردىكى مۆھۈرلىنىش ھادىسىسى، "144مىڭ كىشى..." دېگەندەك ئىپادىلەر سىمۋوللۇق، يەنى مەجازى ئىپادىلەردۇر. ھالبۇكى دىققەت قىلىنىشى كېرەك بولغان نۇقتا — 144 مىڭ كىشىنىڭ پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قوغدالغانلىقى ۋە بىخەتەرلىككە ئېلىنغانلىقىنىڭ مەلۇم بولۇشىدۇر.

ھەدىسلەرگە قارىغىنىمىزدا ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئېغىر مۇشكۇلاتلارغا ئۇچرايدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەتنىڭ قايىم بولمايدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. (بۇخارى، جىھاد 94، مەناكىپ 25؛ مۇسلىم، فىتەن،

www.munber.org

(79

پەقەت بۇ يەردە شۇنى ئېيتماق كېرەككى، ”يەھۇدىيلار قارغىشۇ پتىلگەن“ دېگەندەك گەپلەرنىڭ ھەممىسى خاتا. ھەقىقەتەن، ئىسلام دىنى ئىرقچىلىقنىڭ ۋە ئىنسان ئايرىمىچىلىقىنىڭ ھەر قانداقىنى چەكلەيدۇ.

## ئاسماندىكى گۈلدۈرماما ۋە چاقماقلار

”پەرىشتىلەر ئىسرىقدانىنى ئالدى ۋە ئىچىگە تاش سەندەلدىكى ئوتتىن ئوت ئېلىپ تولدۇرۇپ ئوتنى يەر يۈزىگە ئۇچۇرتتى. بۇ چاغدا ئاسمان گۈلدۈرلىدى، ئاۋازلار ئاڭلاندى، چاقماق چېقىلدى، يەر تەۋرىدى“. (يۇھاننا، ۋەھىي 8- باپ 5)

كىتابى مۇقەددەستىكى بۇ بۆلۈمدە ئوتنىڭ دۇنياغا ئۇچۇرتۇلغانلىقى ۋە ئاسمانغا سوقۇلۇپ گۈلدۈرماما ۋە چاقماق پەيدا قىلغانلىقى ئېيتىلماقتا. يەنى ئوت پارچىلىرىنىڭ ئاتموسفىراغا سوقۇلىدىغانلىقى ناھايىتى ئوچۇق بىر شەكىلدە خەۋەر بېرىلمەكتە. ھەقىقەتەنمۇ ئاتموسفىراغا ئوت ۋە ياكى ئېلېكتىر ئۇچقۇنلىرى سوقۇلغان ئەھۋالدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان رېئاكسىيىلەر ئەينەن يۈز بېرىدۇ. يەنە يۇقىرىدىكى بۆلۈمدىن بىر قانچە جۈملە ئاۋۋال ئۇچرايدىغان ”قۇياش ئۇلارنى سوقمايدۇ، ئوت ئۇلارنى قورۇمايدۇ (كۆيدۈرمەيدۇ)“ جۈملىسىمۇ يوشۇرۇن بېشارەتلەردىن بىرسى بولۇشى مۇمكىن.

«قۇرئان كەرىم» دىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بېشارەتلەر بار.

”(قىيامەت كۈنى) سىلەرگە قىزىق ئوتنىڭ يالقۇنى ۋە تۈتۈنى ئەۋەتىلىدۇ، سىلەر ئۇزەڭلارنى قوغدىيالمايسىلەر. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ (قىيامەت كۈنى

www.munber.org

پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن) ئاسمان يېرىلغان چاغدا ئاسمان (دوزاخنىڭ قىزىقلىقىدىن) قىزىلگۈلدەك، قىزىل چەمدەك بولۇپ قالىدۇ“ (《رەھمان》 سۈرىسى، 35 ــ 37-سۈرە).

لېكىن يەنە باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، نۇرغۇن ئادەم بۇ ئالامەتلەر ئەمەلىيەتكە ئايلانغاندا نېمە بولغانلىقىنى ئۇقالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ ”ئىمان سىنىقى“ ئىكەنلىكىنى بايا تىلغا ئالدۇق.

## يەر يۈزىدە ئاتەش

كىتابى مۇقەددەستە ئۇچرايدىغان يەنە بىر ئالامەت مۇنداق:

”بىرىنچى پەرىشتە نەيچىنى پۇۋلىدى: قان ئارىلاش مۆلدۈر ۋە ئوت پەيدا بولۇپ، يەر يۈزىگە ئېتىلدى...“ (يۇھاننا، ۋەھيى 8-بەپ 7)

بۇ ھادىسىدىن كېيىن يەر يۈزىنىڭ بىر قىسمىنىڭ يانغانلىقى ۋە دەرەخ بىلەن يېشىللىقلارنىڭ قاتتىق زىيانغا ئۇچرىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە يەنە يوشۇرۇن سىمۋوللار قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، ئاسماندىن مۆلدۈر بىلەن بىرلىكتە قان يېغىشىنىڭ ھېچقانداق ئىمكانى يوقتۇر ۋە بۇ يوشۇرۇن بىر باياندۇر. بىزگە كۆرە بۇ يەردىكى قان ۋە ئوت ئۇرۇشنى سىمۋول قىلماقتا. بايىقى چۈشەندۈرۈشلىرىمىزدىمۇ دۆلەتلەرنىڭ گۇرۇھ بولۇپ، زىددىيەتكە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق، لېكىن بۇنىڭغا تېخى ۋاقىت بار دەپ ئويلايمىز.

كىتابى مۇقەددەسنىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا سوقۇشىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنماقتا:

”ئۇرۇش ئاۋازلىرىنى، ئۇرۇش پاراڭلىرىنى ئاڭلايسىلەر. ھەرگىز دەھشەتكە چۆممەڭلار. بۇ ھادىسىلەرنىڭ بولۇشى لازىم، ئەمما تېخى



www.munber.org

كەلمىدى.چۈنكى مىللەت مىللەتكە قارشى، دۆلەت دۆلەتكە قارشى قوزغىلىدۇ. ھەر يەرلەردە قەھەتچىلىك ۋە يەر تەۋرەشلەر بولىدۇ.بۇلارنىڭ ھەممىسى ساناجچىقلارنىڭ (قاتتىق ئازابلارنىڭ) باشلانغۇچىدۇر". (ماتتا، 24ـباپ 6،7،8)

## دېڭىزغا چۈشكەن مېتورىت

يەنە بىر قىيامەت ئالامىتى، يەنى ئىپادىسى شۇ شەكىلدىدۇر:

"ئىككىنچى پەرىشتە نەيچىنى پۈۋلىدى: يالقۇنجاپ كۆيگەن، تاغدەك يوغان بىر دۆۋە نەرسە دېڭىزغا ئۇچۇرۇلدى..." (يۇھاننا، ۋەھىي 8ـباپ 8)

كۆرگىنىمىزدەك، تاغدەك بىر تاش پارچىسىنىڭ دېڭىزغا ئۇچۇرۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنماقتا. ئۇنىڭدىن كېيىن كېمىلەرنىڭ ۋە بېلىقلارنىڭ قاتتىق زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى بايان قىلىنماقتا. شۇنى تەكرارلايمىز، بۇ ھادىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالامەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تېخى يىللار بار. يەنە كېلىپ بۇ مېتورىت دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، چۈنكى بۇ پالاكەتتىن كېيىن يەنە باشقا ئالامەتلەر بار. يەنى مېتورىت چۈشكەن ھامان پەقەت مەلۇم بىر رايون بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

ئەسلىدە بۇ يەردە يەنە ناھايىتى مۇھىم بىر مەلۇمات بېرىلمەكتە. بۇ مەلۇمات ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىشلەر بىلەنمۇ ماس كەلمەكتە. ئالەمدىن كەلگەن مېتورىتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سۈركىلىش تۈپەيلىدىن ئاتموسفېرادا كۆيۈپ يوق بولىدۇ ۋە دۇنياغا زىيان بەرمەيدۇ. ئوخشاشلا بۇ يەردە دېيىلگەن ئالامەتتىمۇ، تاش پارچىسىنىڭ يالقۇنجاپ كۆيگەنلىكى ئېيتىلماقتا، ئامما يوق بولمايدىغانلىقى ۋە دېڭىزغا چۈشىدىغانلىقى قوشۇمچە قىلىنماقتا. دېڭىزغا چۈشكەن يوغان بىر مېتورىت غايەت زور دولقۇنلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى ۋە



www.munber.org

بەزى قىرغاقلارنى سۇغا باستۇرۇپ ، جان خەترى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

ئالىملار بۇنداق بىر مېتورىتنى تېخى ئېنىقلىيالمىغانلىقىنى ئېيتماقتا. ھالبۇكى ئېنىقلانغان ئەھۋالدىمۇ ئۇنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق بىر مېتورىت زور پاراكەنچىلىك تۇغدۇرىدۇ.

«قۇرئان كەرىمدىمۇ بۇ مېتورىتقا دائىر ئىشارەتلەر بار. بىزنىڭ ئويىمىزچە ، ھەتتا مېتورىت چۈشىدىغان كوردىناتلارمۇ قۇرئاندا يوشۇرۇنغان بولۇپ، بىر تەرىپىدە ئامېرىكا قىتئەسى بولغان ئاتلانتىك ئوكيانغا چۈشۈش ئېھتىماللىقى چوڭدۇر. ھەقىقەتەنمۇ كىتابىي مۇقەددەستە مېتورىت ھەققىدىكى باياندا قوللىنىلغان "دېڭىزلارنىڭ ئۈچتە بىرى" ئىپادىسىمۇ يۇز ئۆلچىمى نۇقتىسىدىن كۆپرەك ئاتلانتىك ئوكيانغا ماس كېلىدۇ.

قۇرئاندىكى «تۇر» سۈرىسىدە دېڭىزنىڭ تېشىشى ۋە ئاسماندىن بىر پارچىنىڭ چۈشۈشى بايان قىلىنماقتا:

﴿(قىيامەت كۈنى) ئوت بولۇپ ياندۇرۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەمكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم يۈز بەرگۈسىدۇر﴾ («تۇر» سۈرىسى، 6-، 7 ـ ئايەت).

﴿ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ بىر پارچىسى چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە: بۇ توپلاشقان بۇلۇتتۇر دەيدۇ. ئۇلارنى ھالاك قىلىنىدىغان كۈنگىچە تەرك ئەتكىن﴾ («تۇر» سۈرىسى، 44-، 45-ئايەت) .

دىققەت بىلەن تەھلىل قىلىنسا، قۇرئاندىكى ھەمدە كىتابىي مۇقەددەستىكى ئىپادىلەر بىر-بىرىگە پاراللېلدۇر. كىتابىي مۇقەددەستە، چۈشىدىغان مېتورىت تاغقا ئوخشىتىلىدۇ، ئوخشاشلا قۇرئاندىكى سۈرىنىڭ ئىسمى بولغان "تۇر" سۆزىمۇ تاغ مەنىسىدە كېلىدۇ.



www.munber.org

# بەزى سۆلارنىڭ زەھەرلىنىشى

”سۆلارنىڭ ئۆچتە بىرى پىلىنگە ئايلاندى، نۇرغۇن ئىنسان سۆلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆلدى. چۈنكى سۆلار ئاچچىق بولۇپ كەتكەنىدى“. (يۇھاننا، ۋەھيي 8-باپ 11)

كىتابىي مۇقەددەستىكى بۇ بۆلۈمدە يەنە سىمۋوللۇق ئىپادە قىللىنىلماقتا. بۇ يەردىكى ”پىلىن“ بىر يىلتىزنىڭ ئىسمىدۇر ھەم ئاچچىق بىر ئوت-چۆپ تۇرىدۇر. پەقەت سۆلارنىڭ ئاچچىق بولۇپ كېتىشى ھالاكەتلىك بىر قورغاتقۇچ ئەمەس. ئەمما خىمىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك ماددىلارنىڭ سۇغا ئارىلىششى جان خەتىرى يارىتىدۇ. بۈگۈن بەزى دۆلەتلەر سۇ مەنبەلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ جىددىي تەدبىر قوللىنىشقا باشلىدى. بايا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ ئالامەتنىڭمۇ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىغا تېخى يىللار بار.

كىتابىي مۇقەددەستىكى قىيامەت بايانلىرى بۇ بۆلۈمدىن كېيىنمۇ داۋام قىلىدۇ، شۇغىنىسى سىمۋوللۇق، يەنى يوشۇرۇن چۈشەنچىلەر بارغانچە كۆپ بولغىنى ئۈچۈن كېيىنكىلەرنى تەھلىل قىلىشقا ھاجەت يوقلۇقىنى ھېس قىلدۇق.

www.munber.org

# بەشىنچى بۆلۈم

## ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن سوئاللار

بۇ بۆلۈمدە تېمىمىزدىن چىقىپ، ئوقۇرمەنلەردىن ۋە ئەتراپىمىزدىن كەلگەن ھەر خىل سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمىز. بايان تېمىمىزنىڭ سىرتىدا بولۇشىغا قارىماي، بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش لازىملىقىنى ھېس قىلدۇق. چۈنكى نۇرغۇن كىشىنىڭ تۆۋەندىكى سوئاللار ھەققىدە بىلىمىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى كۆزلىدۇق. ئەمدى بۇ قىزىقارلىق سوئاللارغا يۈزەكى بىر شەكىلدە جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمىز.

**1-سوئال: ئۆلۈمدىن كېيىن تىرىلىش بولىدىغانلىقىغا ۋە روھنىڭ بارلىقىغا دائىر ئىلمىي ئىسپاتلار بارمۇ؟**

جاۋاب:بىلگىنىمىزدەك، ئىسلامىيەت، خرىستىئانلىق ۋە يەھۇدىي ئېتىقادلىرىغا كۆرە روھ ئۆلمەسزدۇر ۋە بىر ئۆلۈمدىن كېيىن باشقا بىر ئۆزگىرىشتە ھاياتىنى داۋام ئېتىدۇ. ئۆلۈمدىن كېيىن ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقى ئېتىقادى قەدىمكى مىسىرلىقلاردا، شامانلاردا، ھىندى ئېتىقادلىرىدا ۋە ئانتىك يۇنان پەلسەپەسىدە ئېتىراپ قىلىنغاندى.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئۆلۈمدىن كېيىن روھنىڭ ياشايدىغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن ئىلمىي ئىسپاتلار بايقالماقتا. مەسىلەن. ئىنگلىز ئالىملىرى مېڭە ئىقتىدارلىرىنى يوقاتقان ۋە تىببىي چۈشەنچىدە ئۆلگەن كېسەللەرنىڭ سەزگۈ ھالىنىڭ داۋام قىلغانلىقىنى ۋە بىر تالاي تۇيغۇدا بولغانلىقلىرىنى ئېنىقلىدى. سۇئۇتخامپتون دوختۇرخانىسىدىكى ئالىملار ئېلىپ بارغان بۇ تەتقىقات ئۆلۈمدىن كېيىن ھاياتلىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەندى ۋە نۇرغۇن

www.munber.org

نويۇزلۇق مېدىتسىنا ژۇرناللىرىدا چوڭ تەسىر قوزغىغانىدى. كاردىيولوگىيە بۆلۈمدە ئىشلەيدىغان دوكتور سام كارنىئە ۋە دوكتور پېتېر فېنۋىك ئىسىملىك ئالىملارنىڭ ئۆلۈمنىڭ ئاغزىدىن يانغان 63 كېسەل ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ئۆلۈمدىن كېيىن ھاياتلىقنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. ھاياتقا قايتقان بۇ كېسەللەرنىڭ بىر قىسمى پەرقلىق بىر دۇنياغا كەتكەنلىرىنى ۋە پارلاق بىر نۇر ھاۋزىسى كۆرگەنلىكلىرىنى سۆزلىگەن.

ئوخشاشلا گوللاندىيەدىكى 10 دوختۇرخانىدا مۇتەخەسسىلەر تەرىپىدىن 344 نەپەر يۈرەك تىقىلمىسى كېسىلى ئانالىز قىلىندى ۋە ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشىلدى. بۇ كېسەللەر كلىنكىلىق جەھەتتە ئۆلگەنىدى، تومۇرلىرى سوقمايتتى، نەپەس ئالالمايتتى ۋە مېڭە ئىقتىدارلىرىنى يوقاتقانىدى. ئەمما قوللىنىلغان چارىلەر نەتىجىسىدە ھەممىسى ھاياتلىققا قايتۇرۇلغان. بۇ كېسەللەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلۈم كەلگەن چاغدا دوختۇرخانىدا بولۇپ ئۆتكەن ھادىسىلەرنى توغرا بىر شەكىلدە ئاڭلاتقان. مەسىلەن، بۇ كېسەللەردىن بىرى ئۆلگەن چاغدا سېستىرا قىلغان ھەر بىر ئىشنى ئۇششاق تەرەپلىرىگىچە تەرىپلىگەن ۋە دېگەنلىرى توغرا چىققان.

لېكىن شۇنىمۇ دەپ قويۇش كېرەككى، بار بولغان ھەممە نەرسىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، رادىئو دولقۇنلىرى ياكى تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەر، رەڭلەر ۋە ئاۋازلارنى شەكىللەندۈرىدىغان ماگېنتلىق دولقۇنلار ئۆيلىرىمىزگىچە كەلمەكتە، لېكىن بىز بۇلارنى كۆرەلمەيمىز ۋە ھېس قىلالمايمىز.

روھنىڭ ۋە بىئوئېنېرگىيىنىڭ بارلىقىغا دەلىل سۈپىتىدە كىرلىئان فوتوگرافچىلىقىدىكى پاراپسىخولوگىيىلىك تەتقىقاتلارمۇ ئۈنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ تەتقىقاتلار كۆپىرەك بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان. يۇقىرى دولقۇنلۇق بىر فوتوگراف

www.munber.org

تېخنىكىسى بولغان كىرلىئان تېخنىكىسى ئارقىلىق جىسىملارنىڭ ئەتراپىدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان رەڭلىك چاقناشلار (ئائۇرا) بولىدىغانلىقى بايقالدى. ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەردە، شېخىدىن يۇلۇنغان بىر ياپراقنىڭ ئەتراپىدىكى ئائۇرانىڭ ياپراق قۇرۇغانچە ئازايغانلىقى ئېنىقلانغان. (پاھانتوم لېئاف ئېففېكت)

## 2-سوئال: پەيغەمبەرلەر ئۆلۈمنىڭ بىر ئاخىرلىشىش ئەمەسلىكىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەنمىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەر ئۆلۈمدىن كېيىن ھاياتلىق بولىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم سۆزلىگەن ۋە ھەتتا ئىسپاتلىغان. ئىسلام ئېتىقادىدا ھەم خرىستىئانلىقتا ھەزرىتى ئىسانىڭ مۆجىزىۋى شەكىلدە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەنلىكى مەلۇم. ھەزرىتى ئىسا ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كۆپ قېتىم ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەن ۋە روھنىڭ بەدەنگە ھاياتلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. «قۇرئان كەرىم» دە بۇ ھادىسە مۇنداق ئۇچرايدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەيني زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەردىم، (كىچىككىڭدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ، ئەيني زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم، ئەيني زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ-دە، ئۇنى پۈۋلىسەڭ ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ، ئەيني زاماندا، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن) چىقىراتتىڭ، ئەيني زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر دېدى﴾ («مائىدە»



www.munber.org

سۈرىسى، 110ـئايەت).

بۇ ئايەتتە ھەزرىتى ئىسانىڭ تۇغۇلغان ھامان سۆزلىگەنلىكى، كورلانى ساقايتقانلىقى، لايدىن قۇش ياساپ جان كىرگۈزگەنلىكى ۋە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەنلىكى بايان قىلىنماقتا. ئاللاھنىڭ بىر مۆجىزىسى سۈپىتىدە ھەزرىتى ئىسانىڭ خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشى بەدەنگە ھاياتلىق بېرىدىغان ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ روھ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مۆجىزە كۆرسەتكەنلىكى قۇرئاندا ئۇچرايدۇ. ھەزرىتى ئىبراھىم ئاللاھتىن ئۆلۈمدىن كېيىن ھاياتلىقنىڭ بولۇش-بولماسلىقىنى ئۆزىگە كۆرسىتىشىنى تىلەيدۇ. ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۆت دانە قۇشنى ئۆلتۈرۈشنى ۋە پارچىلىرىنى باشقا-باشقا يەردىكى تاغلارنىڭ تۆپىسىگە قويۇشنى ئېيتىدۇ. ئاندىن ئۆلگەن ئۇ قۇشلارنى قىچىرىشنى بۇيرۇيدۇ. پارچىلىرى باشقا-باشقا يەرلەردە بولغان قۇشلار ئۇچۇپ ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، بۇ قۇشلار ئەسلىدىكى قۇشلار ئىدى، چۈنكى بۇ قۇشلارنىڭ بەلگىسى بار ئىدى. («بەقەرە» سۈرىسى، 260ـئايەت).

ئوخشاشلا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرشئالاغا ئېلىپ چىقىلغان مىئراج كېچىسىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمدىن كېيىن ھاياتلىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

## 3ـسوئال: ئاللاھ ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە مەۋجۇت بولىدىغان ۋە پۈتۈن ئالەمنى كونتروللۇقىدا تۇتۇپ تۇرىدىغان قانداق بىر مەۋجۇتلۇق؟

جاۋاب: ئالدىنقى بۆلۈملەردە كېلىچەكنىڭ قۇرئاندا بېشارەت بېرىلگەنلىكىنى سان-ساناقسىز مىساللار بىلەن كۆرسەتتۇق. سان-ساناقسىز



www.munber.org

دەيمىز، چۈنكى بىز كىتابتا بەرگەن مىساللارنىڭ كۆپ قىسمى باشقا ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن تاللاپ ئېلىندى، بۇ ناھايىتى روشەن مەلۇماتلاردۇر. مەسىلەن 1400 يىل ئاۋۋال ئىنسانلار 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئايغا چىقىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، پەقەت ئاللاھ تائالا بىلەتتى ۋە بۇلار «قۇرئان كەرىم»دە يوشۇرۇنغانىدى. چۈنكى ئاللاھ ئۇچۇن كېلەچەك ۋە ئۆتمۈش دېگەن ئۇقۇملار يوق، ئۇ ھەر قانداق بىر يىلدا تۇغۇلمىغان ۋە ئۆلمەيدۇ. ئۇ ھەم ھەر قانداق بىرسى تەرىپىدىن يارىتىلمىغان. ئاللاھ تائالا چەكسىز ۋە ئەبەدىي بىر كۈچكە ئىگە، شۇنداقلا بىزلەرگە ئوخشىمايدۇ. بىز بولساق مۇئەييەن بىر يىلدا تۇغۇلىمىز، چوڭ بولىمىز ۋە ئەجىلىمىز كەلگەندە بۇ دۇنيادىن كۆچىمىز. ئاللاھنىڭ بىزلەردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ۋە زامان-ماكان دېگەندەك ئۇقۇملارغا باغلىق ئەمەسلىكىنى بۇنىڭدىن چۈشىنەلەيسىز. زامان ۋە ماكان ئۇقۇملىرىنىمۇ ئەسلىدىلا ئاللاھ ئۆزى ياراتقان.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ــ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ («ئىخلاس» سۈرىسى، 1 ــ 4-ئايەتلەر)".

## 4-سوئال: ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ تاسادىپىي مەيدانغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟

جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ ياكى كىچىك بىر چىۋىننىڭ تاسادىپىي مەيدانغا كېلىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بىر يەككە ھۈجەيرىنىڭمۇ تاسادىپىي مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا بىر يەككە ھۈجەيرىنى تەشكىل قىلىدىغان مىڭلارچە پروتېئىن مولېكۇلىسىدىن پەقەت بىر دانىسىنىڭمۇ تاسادىپىي شەكىللىنىش ئېھتىمالى يوقتۇر.

ھۈجەيرىلىرىمىزنى تەشكىل قىلىدىغان پروتېئىن مولېكۇللىرى ئامىنو ئاسىتلېرنىڭ تىزىلىشى بىلەن شەكىللىنىدۇ. بۇ ئامىنو ئاسىتلېر

www.munber.org

تەخمىنەن..........1.000.000.000.000.000 (400 خانىلىق رەقەم) پەرقلىق شەكىلدە تىزىلالايدۇ. لېكىن بۇ تىزىلىشلاردىن پەقەت بىر دانىسى توغرا پروتېئىننى شەكىللەندۈرىدۇ. باشقا تىزىلىشلار بولسا ئىشقا يارىمايدۇ. يەنى پەقەت بىر دانە پروتېئىن مولېكۇلىسىنىڭ شەكىللىنىش ئېھتىمالى 1000.000.000.000.000..(400 خانىلىق رەقەم) دىن بىر. تىرىليوندىن بىر ئېھتىمالدىن ھەسسىلەپ تۆۋەن بولغان بۇ ئېھتىمال ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش جەھەتتىن ئىمكانسىز دەپ ئېتىراپ قىلىنماقتا. قىسقىسى، بىر يەككە ھۈجەيرىنى شەكىللەندۈرىدىغان مىڭلارچە پروتېئىندىن بىر دانىسىنىڭمۇ تاسادىپىي مەيدانغا كېلىش مۇمكىنلىكى يوقتۇر. يەنە كېلىپ پروتېئىن مولېكۇلىسىنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى بار. بۇ پروتېئىن مولېكۇللىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى كونترول قىلىدىغان DNA زەنجىرلىرىنىڭمۇ تاسادىپىي شەكىللىنىش ئېھتىمالى يوق.

ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ھەممە ئەزالار مۆجىزىلىك ئىقتىدارلارغا ئىگە. مەسىلەن، كۆز بىلەن كۆرۈلىدىغان ھەر قانداق بىر كۆرۈنۈشنىڭ مېڭىدە شەكىللىنىشى ئۈچۈن ملىيارتلارچە ۋەزىپە ئورۇنلىنىدۇ. كۆزدىكى كۇنۇس شەكىللىك ۋە تاياقچىسىمان ھۈجەيرىلەر كۆزگە كىرگەن نۇرلارنى ئېلېكتىرىك سىگناللارغا ئايلاندۇرۇپ، مېڭىنىڭ ئالاھىدە رايونلىرىغا ئەۋەتىدۇ ۋە كۆرۈنۈشلەر مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنداقلا كۆزدە ھۈجەيرىلەرنى باقىدىغان ۋە ھۈجەيرە ئېتىلىشىنى ساقلايدىغان ئاجايىپ بىر يىپ تومۇر بار. يەككە بىر ئىنسان بەدىنىدىكى قان تومۇرلىرىنىڭ (قىلدام تومۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جەمئىي ئۇزۇنلۇقى 95 مىڭ كىلومېتىردۇر. يەنى بىر ئىنساندا يەر شارى دىئامېتىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن نەچچە ھەسسە ئۇزۇن بىر تومۇر يىپى باردۇر. مۇشۇلارغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن مىسال بېرەلەيمىز، چۈنكى ئاللاھ چەكسىز بىر قۇدرەتكە ئىگە.

مۇشۇنداق تۇرسىمۇ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىچىسى ئالىملاردىن



www.munber.org

بەزىلىرى ئاللاھ كۆز بىلەن كۆرۈلمىگەنلىكى ياكى قول بىلەن تۇتۇلمىغانلىقى ئۈچۈن يارىتىلىش مۆجىزىسىنى ئېتىراپ قىلمايۋاتىدۇ.

بۇ گۈن ئالىملار جانسىز ماددىلاردىن جانلىقلارنىڭ شەكىللىنەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماقتا. بۈرۈن لويىس پاستېر قاتارلىق مەشھۇر ئالىملارمۇ بۇنى ئىسپاتلىغان. مەسىلەن، بۇرۇن ياشىغان ئىنسانلار سېسىغان گۆشلەردە پەيدا بولغان قۇرتلارنى ئۆزلىكىدىن شەكىللىنىدۇ دەپ قارايتتى. لېكىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەر نەتىجىسىدە بۇ قۇرتلارنىڭ چىۋىنلار قالدۇرۇپ قويغان تۇخۇملاردىن چىققانلىقى ئايدىڭلاشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، قۇياش سىستېمىسىدا نۇرغۇن سەييارە ۋە سۇنئىي ھەمراھ بولسىمۇ ياشاشقا ئۇيغۇن بىردىنبىر يەر يەر شارىدۇر. ئالىملار باشقا پىلانېتلاردا سۇ ۋە ياكى ئورگانىك مولېكۇللەرنى تاپماق ئۈچۈن نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى، لېكىن ئۈمىد قىلغانلىرىنى تاپالمىدى.

يەنە كېلىپ، بىز ياشاۋاتقان يەر بولغان دۇنيا ئالەم بوشلۇقىدا سەييارىلەرگە سوقۇلماي يۇقىرى سۈرئەتتە ھەرىكەتلەنمەكتە. ئەگەر يەر شارى بىر ئاز ئاستا ھەرىكەتلەنسە ئىدى، قۇياشنىڭ تارتىش كۈچىگە بەك ئۇچراپ كېتەتتى-دە، ئۇنىڭغا سوقۇلاتتى. ئەگەر يەر شارى بىر ئاز تېز ھەرىكەتلەنسە ئىدى، بۇ چاغدا مەركەزدىن قاچما كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن ئوربىتىسىدىن چىقىپ كېتەتتى-دە، يەر يەزىدە ھاياتلىق بولمايتتى. ئەگەر ئاي يەر شارىغا بىر ئاز يېقىن بولسا يەرنىڭ تارتىش كۈچىگە بەك ئۇچراپ كېتەتتى-دە، يەر شارىغا سوقۇلاتتى.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، يەر شارى باشقا پىلانېتلاردىن پەرقلىق ھالدا ناھايىتى ئالاھىدە بىر ئاتموسفېراغا ئىگە. ئاتموسفېرامىز پۈتۈن جانلىقلار ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان نۇرلارنى ئۆتكۈزىدۇ، لېكىن ئالەمدىكى زىيانلىق نۇرلارنىڭ ئۆتۈشىنى توسىدۇ؛ شۇنداقلا مېتورىتلارنىڭ يەر يۈزىگە سوقۇلۇشىنىمۇ توسىدۇ. باشقا پىلانېتلارغا بولسا نۇرغۇن مېتورىتلار سوقۇلماقتا. مەسىلەن،



www.munber.org

ئاينىڭ ئۈستىدىكى ناھايىتى چوڭ يانار تاغ ئېغىزلىرى يوغان مېتورىتلارنىڭ سوقۇلۇشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن.

ئىنسان تۈرىدە بولغىنىدەك، باشقا جانلىقلاردىمۇ مۇرەككەپ سىستېمىلار مەۋجۇت. مەسىلەن، بىر چۈمۈلىنىڭ مېڭىسىدە 500مىڭغا يېقىن نېرۋا ھۈجەيرىسى بار. بۇلار ئارقىلىق چۈمۈلە مىليونلارچە سىگنال قوبۇل قىلالايدۇ ۋە ئالاقە قۇرالايدۇ. پاشىدىمۇ ئاۋاز دولقۇنلىرىنىڭ مەيدانىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بىر ئەزا بار. يەنى ئەڭ كىچىك جانلىقلاردىمۇ مۇرەككەپ سىستېمىلار مەۋجۇت.

شۇڭا ئىنسانلار ئاللاھ ياراتقان ھەر جانلىققا رەھمەت ۋە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك...

**5-سوئال: ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى بايلىق، بىر قىسمى بولسا كەمبەغەللىك ئىچىدە ياشايدۇ. ئاللاھ نېمىشقا بۇنى توسمايدۇ؟**

جاۋاب: كەمبەغەللىكنىڭ بايلىقتىن ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ھەزرىتى ئىسا شۇ سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەن:

"تۆگىنىڭ يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتۈشى باي ئادەمنىڭ تەڭرى ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈشىدىن ئاسانراقتۇر" (ماركوس، 10-باب 25)

ئاللاھ بايلارغا كۆپرەك ماددىي پايدا بېرىپ ئۇلارنى سىنايدۇ. لېكىن بايلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ، باشقىلارغا كېرەكلىك ياردىمنى كۆرسىتەلمەيدۇ. ئەكسىچە يوقسۇل ئىنسانلار باي ئىنسانلارغا قارىغاندا كۆڭلى تېخىمۇ تىنچتۇر. باي ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان ھەر قانداق بىر ئىش يوقسۇل بىر ئىنساننىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. ئىستاتىستىكىلىق تەتقىقاتلارغا كۆرە، يېزىلاردا ۋە كىرىمى ئاز يەرلەردە ياشىغان ئىنسانلار بىر قەدەر خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. چۈشكۈنلۈك ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان دۆلەتلەر

www.munber.org

بولسا كىرىمى يۇقىرى بولغان دۆلەتلەردۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانلارنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە تولغان بىر دۇنياغا يولغا سېلىنغانلىقى قۇرئان قاتارلىق ھەممە مۇقەددەس كىتابلاردا ئېيتىلغان. جەننەتتىن قوغلانغان پەقەت ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋۋا ئانا ئەمەس، بەلكى جىمى ئىنسان نەسلىدۇر ۋە ھېساب بېرىدىغانلار يەنە ئىنسانلاردۇر، ئەمما بىزلەر دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن بولارنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويىمىز. خرىستىئانلارنىڭ يېگى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى يۇيۇندۇرۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ روھ ئالىمىدىن بۇ دۇنياغا كەلگەن ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىق بىر شەكىلدە تۇغۇلغىنىغا ئىشەنگەنلىكىدۇر. بۇ تېمىنى كېيىنكى مەسىلىدە يەنە سۆزلەيمىز. ئەمدى پەقەت «قۇرئان كەرىم»دىكى بەزى ئايەتلەرنى تەھلىل قىلايلى:

﴿ئاللاھ (ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا ئېيتتى: سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەگەر سىلەرە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ﴾ («تاھا» سۈرىسى، 123 ـ ئايەت).

كۆرگىنىمىزدەك، بۇ يەردە قوللىنىلغان "ھەممىڭلار" سۆزى كۆپلۈك شەكىلدىكى بىر سۆزدۇر ۋە جىمى ئىنسان نەسلىنىڭ جەننەتتىن قوغلانغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. يەنى "ئادەم بىلەن ھەۋۋا" ئۇقۇمى بىرلا ۋاقىتتا ئىنسان نەسلىنى تەمسىل قىلماقتا. باشقا بىر ئايەتتە بولسا:

﴿ئاللاھ ئېيتتى: سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا (يەنى شەيتان ئىنسانغا، ئىنسان شەيتانغا) دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەجىلىڭلار يېتكەنگە قەدەر يەر يۈزىدە تۇرىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىسىلەر﴾ («ئەئراف» سۈرىسى، 24 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتىمۇ ئىنسانلارنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىپ دۈشمەنلىك تولغان بىر يەر



www.munber.org

يەزىگە پالانغانلىقى ئېيتىلماقتا. بايا دېگىنىمىزدەك، بۇ جازانىڭ مەسئۇلى ئىنسانلاردۇر، ئەمما بىزلەر تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋال بىز بار بولغان روھلار ئالەمىنى ئەسلىيەلمەيمىز.

**6-سوئال: يەنى تۇغۇلۇشىمىزدىن ئاۋۋال روھلار ئالەمىدىكى گۇناھلىرىمىز سەۋەبىدىن بۇ دۇنيادا بۇنچىلىك مۇشەققەتلەرگە دۇچ كېلىمىزمۇ؟ ئۇرۇشلار، مىيىپ تۇغۇلۇشلارغا ئوخشاش ئېچىنىشلىق ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىمۇ جەننەتتىن قوغلانغانلىقىمىزدىنمۇ؟**

جاۋاب؛ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادىن ئاۋۋالقى روھلار ئالەمىدە پۈتۈن ئىنسانلارغا ”مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمىدىم؟“ دېگەن بىر سوئال سورىغانلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭمۇ ”ئەلۋەتتە، رەببىمىزسەن، بىز بۇنىڭغا شاھىد“ دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى بايان قىلىندۇ. بۇ ھادىسە «ئەئراف»سۈرىسىنىڭ 172-ئايىتىدىمۇ ئېيتىلىدۇ. لېكىن بىزلەر ئاللاھقا ۋەدە بەرگەنلىكىمىزنى ئەسلىيەلمەيمىز.

بايا بىز ئۆزىنەك بەرگەن ئايەتتە جەننەتتىن قوغلانغان ئىنسانلارنىڭ دۈشمەنلىك تولغان بىر دۇنياغا جازا سۈپىتىدە پالانغانلىقى ئېيتىلىدۇ:

﴿ئاللاھ (ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا ئېيتتى: سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن يەرگە چۈشۈڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار...﴾ («تاھا» سۈرىسى، 123-ئايەت).

ئايەتتە، ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلغان ئاللاھ ئەمەس، پەقەت دۇنيادا دۈشمەنلىك ۋە رەزىللىكنىڭ بولىدىغانلىقى ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىنئالا بىلدۈرۈلمەكتە. شۇنداقلا ئىنسانلار جەننەتتىن قوغلانغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر جازاغا ئۇچرىتىلغان. ”چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسى“ ئىپادىسى بولسا بىر سىمۋولدۇر. ئەسلىدىمۇ بۇ دەرەخنىڭ يەنە بىر ئىسمى ”ياخشى-يامانلىقنى بىلمەك دەرىخى“ دۇر.



www.munber.org

باشقا دىنلاردىمۇ "جەننەتتىن قوغلىنىش" چۈشەنچىسىنىڭ بارلىقىنى ۋە خرىستىئانلارنىڭ شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىق تۇغۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن تەۋراتنىڭ بېشىدىلا جەننەتتىن قوغلىنىش گېپى بار. ھەتتا تەۋراتتا پەقەت ئىنسانلارلا ئەمەس، باشقا بەزى جانلىقلارنىڭمۇ جەننەتتىن قوغلانغانلىقى ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كەلگەنلىكى بايان قىلىنماقتا. مەسىلەن، يىلانلارنىڭ چوڭ بىر جازاغا ئۇچرىتىلغانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭ دۇنيادا ئۆمىلەپ سۆرۈلۈپ يۈرۈيدىغانلىقى ۋە توپا يەيدىغانلىقى ئېيتىلماقتا. («تەۋرات تەكۋىن» 3)

لېكىن دۇنيادا بولۇۋاتقان پۈتۈن زىيان-زەخمەتلەرنىڭ سەۋەبىنى "جەننەتتىن قوغلىنىش" تىن كېلىپ چىققان دەپ ئويلىماسلىقىمىز لازىم. بۇرۇن ئۇرۇشلارنىڭ بولۇشىغا ۋە نۇرغۇن ئىنساننىڭ ئۆلۈشىگە ئىنكاس قايتۇرمىغان دۆلەتلەر بۈگۈن ئۆزلىرىنى ئۇرۇش ئىچىدە تاپتى. ئافرىقىدا ئىنسانلارنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈشىنى تاماشا قىلغان پۈتۈن دۇنيا پەقەت كۆرۈنۈشكىلا ياردەم قىلىپ قويۇشتى. كوسوۋادىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلار يىللارچە تاماشا قىلدى ۋە "ماڭا چېقىلمىغان يىلان تۈمەن مىڭ يىل ياشىسۇن" چۈشەنچىسى بىلەن ھەرىكەت قىلدى. كۆپىنچىمىز ئاچ-يالىڭاچ ۋە ئىگە-چاقىسىز ئىنسانلار بىلەن ھەر كۈنى ئۇچرىشىمىز، ئەمما ئۇلارغا قاراپمۇ قويماستىن ئۆتۈپ كېتىمىز. قىسقىسى، ھەر كىم "مەن بىر ئادەم نېمە قىلالايمەن؟!" دەپ، زىممىسىگە چۈشكەننى ئورۇنلاشتىن قاچىدۇ. ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇشۇنداق ئىنسانلاردىن تەشكىل تاپقان دۇنيادا ئۇرۇشلارنىڭ، جىنايەتلەرنىڭ، ئوغرىلىق ۋە باشقا نۇرغۇن رەزىللىكلەرنىڭ بولۇشى ئاللاھنىڭ گۇناھى ئەمەس. ۋاھالەنكى، يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان پاك ئىنسانلار ئىنتايىن ئازدۇر.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ قانچىلىك يەخشىلىق ۋە

www.munber.org

يامانلىق قىلىدىغانلىقىنى ئۇتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن بۈيۈك جازا كۈنىنى ئاخىرغا قويغان.

﴿زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن، ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن)كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنىگىچە(يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ﴾ («ئىبراھىم» سۈرىسى، 42ـ ئايەت).

﴿ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن (چاپسان) جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ھالاك بولۇش) ۋاقتى كەلگەندە قىلچە ۋاقىتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، (ۋاقتى كەلمىسە) قىلچە ۋاقىتمۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ﴾ («نەھل» سۈرىسى، 61ـ ئايەت).

### 7ـ سوئال: ئاللاھقا دۇئا ـ تەلەپلەردە بولىمىز، لېكىن ئىستەكلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئاللاھ بىزلەرگە قۇلاق سالمامدۇ؟

جاۋاب: ياق، ئاللاھ ھەر ئىنساننىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ ۋە ئەقلىدىن ئۆتكەنلىرىنى بىلىدۇ. ئىنسانلار ئۇمۇمەن ئۆزلىرىدىن ئاجىز بولغانلارغا ياردەم قىلىشقا ئالدىرمايدۇ، لېكىن ئۆزلىرىدىن قۇدرەتلىك بولغان ئاللاھتىن ئۇزلۇكسىز بىر نەرسە تىلەيدۇ. ھالبۇكى باشقىلارغا ياردەمچى بولمىغان ئىنسانلارغا ئاللاھمۇ ياردەم قىلمايدۇ.

بىز ئىستىگەن ھەر نەرسە رىئاللىققا ئايلىنىدىغان يەر جەننەت ئىدى، ئەمما ئىنسانلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن جەننەتتىن قوغلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئەڭ كىچىك مۇشكۇلاتلارغا چىدىماي بويۇنتاۋلىق قىلىشىدۇ، مۇشكۇلاتلارغا سەۋر



www.munber.org

قىلمىغان ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەيدۇ.

ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامدەك بىر پەيغەمبەرمۇ چۆلدە 40 كۈن ئاچلىقتا سىنالغان. چۆلدىكى شايتان ھەزرىتى ئىسا دۇئا قىلسا تاشلارنىڭ نان بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان، لېكىن ئىسا ئەلەيھىسسالام بۇنى قوبۇل قىلمىغان ۋە" تەڭرىنى سىنىمايسەن" دېگەن (ئىنجىل-لۇكا 4). يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامدەك بىر پەيغەمبەرمۇ تاشلارنىڭ نان بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلمىغان، ئەمما بۈگۈنكى ئىنسانلار دۇئا قىلسا ھەر تۈرلۈك دۇنياۋى ئىستەكلەردە بولىدۇ. ئىستەكلىرى ئەمەلگە ئاشمىسا ئاللاھنى ئۆزلىرىنىڭ دۇئاسىغا قۇلاق سالمىدى دەپ بىلىشىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە بۇ ھەقتە ئىنسانلارنىڭ نە قەدەر ناتكور ئىكەنلىكى ئېنىق ئېيتىلىدۇ:

﴿... ئەگەر ئىنسانغا بىزنىڭ رەھمىتىمىزنى تېتىسساق خوش بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (بېشىغا) بىرەر ھادىسە كەلسە، ئىنسان تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغۇچىدۇر﴾ («شۇرا»سۈرىسى، 48-ئايەت).

www.munber.org